بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

2

1987

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شياڭگاڭنى زىيارەت قىلدى.

(ۋاڭ سۇڭ فوتوسى)




ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر زىياپەتتە.



ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىرگە سۈرەتكە چۈشتى.

# جوڭگومۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژۇرنال)

2

1987 - يىل

(ئومۇمى 27 - سان)


## مۇندەرىجە


«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا دائىر قىسقىچە بايان ........... نۇرمان. ماشيەن ( 3 )

"ۋەز" ۋە "خۇتبە" ........................................ مۇ بەي ( 20 )

بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ چىقتى .............................. جىڭ يىپېڭ ( 26 )

دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ........................ ما زېڭشەن ( 28 )

بېيجىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى ...................... لى ئېنشۇ ( 33 )

ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا نەتىجە ياراتتى ...................................... ( 36 )

لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشتى .................................. ما تىڭشيەن ( 41 )

جىنلىڭ بازار مەسچىتى ۋە خۇگشەن مەسچىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ................................ ياڭ يى، جاڭ يى ( 42 )

جېڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى «قارار»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ...................... جېڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ( 43 )

گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «قارار»نى ئۆگەندى ..... .......... گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ( 44 )

نىڭشيالىق ئاخۇنۇملار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى توغرىسىدا ........................ خەن كې ( 45 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


كىچىك مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامدىشى .................. شا يۈنجۇڭ ( 51 )

مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرگەن ياخشى ئاخۇنۇم

— دۇڭشياڭزۇ ئاخۇنۇم ماجىنچېڭنى زىيارەت.............................. گو چىڭشياڭ ( 52 )

شىڭ شېڭخۇي ئاخۇن ئۆز كەنتىنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى قوللىدى .............. خەن دېمىڭ ( 55 )

**ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشىنىڭ يەتتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلەنگەن نۇتۇق............**

.................................................. نۇرمان . ماشيەن ( 56 )

شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى «شۈيجۇ خۇيزۇ ـ ئىسلام دىنى تەزكىرىسى»نى يېزىپ

چىقتى ........................................ لىۇ جىنتەي، شياۋ جېيۇ ( 58 )

**جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللار .............. ( 60 )**

ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەرەب تىلى

ئاساس بىلىم سەۋىيىسىنى سىناشتا مۇكاپاتلاندى .............................. شى يۈۋېن ( 63 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەملەيخا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.........

.................................................. يى دىڭ ( 63 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ما كۇيىۋەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا

كەتتى .................................................. خەن جۈن ( 64 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى بىناسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى

.................................................. (مۇقاۋىدا)


☆ 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى ☆

# «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا دائىر قىسقىچە بايان

نۇرمان. ماشىيەن

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر مۇقەددەس كىلاسسىك ئەسەر، لېكىن ئۇنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىرەر دىنىي كىلاسسىك ئەسەرنىڭ رولىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ نەسرى شەكىلدە خاتىرىلەنگەن تۇنجى ئەرەبچە ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىدىن-توغرا 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈز بەرگەن ئۇلۇغ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەر كېيىنكى چاغلاردا، ئەرەب مىللىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىسلام دىنىنى، شۇنىڭدەك 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ئاساسلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تېكىستى قاپىيىلىك نەسرىي بولۇپ، سۆزلىرى ئىخچام، رېتىمى ئېنىق، ئوقۇسا ئېغىزغا چۈشۈپ تۇرىدۇ ھەم جاراڭلىق، كۈچلۈك چىقىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ۋە ئىپادىلەش شەكلى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە ئەرەب ۋە ئىسلام ئەدىبلىرى ئۇنى ئەدەبىي ئۆرنەك دەپ ھېسابلاپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم» بىلەن قېلىپلاشقان ئەرەب تىلى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ۋە رايونلاردا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مىللىتىنىڭ ئۆز تىلى ۋە پسىخولوگىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە دېگۈدەك چېتىلىدۇ، ئۇ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى بەلگىلەشتىكى ھەممىدىن مۇھىم ئاساس بولۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىسلام مائارىپىدا ئۇ بىرىنچى دەرسلىك قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا تەشەببۇس قىلىنغان ئالەم قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە قانۇن قارىشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخسلەرگە ۋە مىللەتلەرگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. قەدىمدىن تارتىپ مۇسۇلمان ئەدىبلەر «قۇرئان كەرىم»گە باھا بېرىپ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ بىرمۇنچە ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازدى. مۇسۇلمان ئەدەبىياتچىلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى بېيىتتى ھەمدە ئۇنىڭدىكى بەزى ھۆكۈم ۋە ماقاللارنى ئىجادىيەت تېمىسى قىلدى؛ مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار، كۆپىنچە، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەق-ناھەق قارىشى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى-يامانلىقنى ھۆكۈم قىلدى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممىنى كۆزەتتى، ئىسلام

ئۆلىمالىرى بولسا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى نەسىھەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سۆز، ھەرىكىتىنىڭ مىزانى قىلىشقا سەمىمىي دالالەت قىلدى. شۇڭلاشقا، تارىختا ئۆتكەن خەلىپە خاندانلىقلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى «قۇرئان كەرىم»نى خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ مەنئۇي تۈۋرۈكى ۋە يېتەكچى پرىنسىپى قىلدى. بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەر، كۆپىنچە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاقىدار مەزمۇنىنى بايراق قىلىپ تۇرۇپ، فېئودال مۇستەبىتلىككە ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن بۇيان، بەزى غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئىجتىمائىيەت ئالىملىرى، شۇنىڭدەك يېقىنقى زامان شەرقشۇناسلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا كەينى-كەينىدىن نۇرغۇن ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا، يېقىن شەرقنىڭ تارىخى ۋە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. گېرمانىيە شائىرى گېتىنىڭ «مۇھەممەت ناخشىسى» دېگەن شېئىرىدا، روسىيە شائىرى پۇشكىننىڭ «‹قۇرئان كەرىم›گە تەقلىت» دېگەن شېئىرىدا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بەرگەن باھاسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۇنياغا مەشھۇر.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلانغانلىقى ۋە كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى

«قۇرئان كەرىم» "ئوچۇق ئەرەبچە تىلدا" (26-سۈرە، 195-ئايەت) نازىل بولدى ۋە خاتىرىلەندى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئاللانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئەرەب تىلى تەبىئىي يوسۇندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى قىلىندى؛ «قۇرئان كەرىم» ئاللانىڭ ۋەھيىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئىبارە ۋە مەنادىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ مەنىسىنى "كەڭ ۋە چوڭقۇر" دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى مەنىسى يوشۇرۇن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى تارىختىن تارتىپ ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈپ كەلدى، شۇڭا ھەرقانداق تەرجىماننىڭ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تامامەن توغرا چۈشىنىپ، مەنىسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى ناھايىتى تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى كارامەت گۈزەل بولۇپ، فاساھەت، قاپىيە، رىتىم، كىشىنى تەسىرلەندۈرۈش جەھەتلىرىدە باشقىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ھەرقانداق تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئىبارە ۋە مەنادىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئەسلى تېكىستىگە ئوخشاش بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، ئەسلى ئايەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدۇ-دە، چوقۇم «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇقەددەسلىكىگە زىيان يەتكۈزۈلۈپ، دىنىي جەھەتتە گۇنا سادىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىختىن تارتىپ سۈننىي مەزھىبى بىلەن شىئە مەزھىبىنىڭ كۆپ سانلىق ئۆلىمالىرى، بولۇپمۇ ئەرەب مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلماي كەلگەن. مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، تارىختا ئۆتكەن خەلىپىلىكلەرنىڭ قارىمىقى-

دىكى پۇقرالار ئارىسىدىكى مۇسۇلمانلار ھەرخىل تىلدا سۆزلەيدىغان ھەرخىل مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، خەلىپىلەر «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللانمىغان. مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى بۇرۇنلا باشلانغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان بىر خىل شەخسىي دىنىي ئىلىم پائالىيىتى بولۇپلا كەلدى، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە يۆلىشىگە مۇيەسسەر بولغانلار ناھايىتى ئاز بولدى. ھەتتا 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوسمانىيە خەلىپىسى ئابدۇلھەمىدمۇ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىنى بېسىپ تارقىتىشنى مەنئى قىلدى. شۇڭا ئۇزاقتىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تونۇشتۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى كىشىلەرنى تەرجىمە قىلىنغان رەسمىي نۇسخىسىدىن بىلىم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلى تېكىستىنى ئوقۇش ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئاغزاكى تەرجىمىسىنى ئاڭلاشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

لېكىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان چاغلاردا يالغۇز ئەرەبلەرلا مۇسۇلمان بولغان ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن غەيرى ئەرەب مىللەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، بىۋاستە ھالدىلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىنى ئوقۇش ۋە ئاغزاكى تەرجىمىسىنى ئاڭلاش ئۇسۇلى ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى دىنغا كىرگەن مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىش ئېھتىياجىغا تولۇق مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يازما تەرجىمىسى بارلىققا كەلدى. راۋايەت قىلىنىشىچە، «قۇرئان كەرىم»نى باشقا تىلغا ئەڭ بۇرۇن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن سەلمان ئىبنى فارس (؟ ـ 655 ـ يىللار) بولۇپ، ئۇ يېڭى دىنغا كىرگەن پارس قېرىنداشلارنىڭ تەلىپى بويىچە «سۈرە فاتىھە»نى تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغاندا قىرائەت قىلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان①. غەيرىي ئەرەب مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (699 ـ 767 ـ يىللار) «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىپ، ناماز ئوقۇغاندا ئەرەبچە تېكىستىنى ئوقۇشتا قىينالغانلار تەرجىمىسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ دېپ قارىغان. كېيىن ھەنەفىي مەزھىبىدىن بولغان ئالىم سەرخەسى (؟ ـ 1097 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى ياقلىغان ھەمدە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يازما تەرجىمىسى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىن باشلانغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام بۇخارى (810 ـ 870 ـ يىللار) «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قىسمىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەرجىمە نۇسخىسى بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى بەزى ئۆلىمالار پارس، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ دەيدىغان يېتەكچى ئورۇندا

---

① ئىمام ئەبۇ زەھرىنىڭ «ئەبۇ ھەنىفە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 224 ـ بېتىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

تۇرغان بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىدى. بىراق، ياۋروپادا تۆرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى كەينى-كەينىدىن نەشر قىلىندى، شۇنىڭدەك بەزى تەرجىمانلار كەلسە-كەلمەس ئىزاھلارنى قوشۇپ، ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەسكىرىي قاراشلار ۋە بۇرمىلاشلارنى ئاشكارىلىدى؛ مۇسۇلمانلار تەرجىمە قىلغان نۇسخىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى، شۇنىڭدەك تەرجىمىدە كەمچىلىك، سەۋەنلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى، بولۇپمۇ بەزى تەرجىمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ۋە مەزھەپ قاراشلىرىنى ئالغا سۈرۈشى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنى ئەنسىرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، مۇقەددەس كىلاسسىك ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى خىلمۇ خىل بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس قىياپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرىغا كەلگەندە، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا بولامدۇ، يوق، دېگەن مەسىلە يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ ھەقتە بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ گېزىت، ژۇرناللىرىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مىسىرنىڭ ئەزھەر داشۆسى ئىسلام دىنى بويىچە ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى بولۇپ، مەلۇم نوپۇزغا ئىگە، بۇ يەردە بولغان مۇھاكىمىنىڭ نەتىجىسى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. 1932-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە، مىسىرنىڭ ئالاقىدار گېزىت، ژۇرناللىرى بۇ ھەقتىكى تالاش-تارتىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئاخىرى تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ پىكرى دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كۆرسەتكەن ئاساسلىق سەۋەپ مۇنۇلار: «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەشۋىق قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ ۋەزىپىلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان؛ ئۇنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلارنى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن بىۋاستە خەۋەردار قىلىش "ئاللەمگە ئىچ ئاغرىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام"نىڭ كەڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نامايان قىلىنىشى بولىدۇ. كېيىن، ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى شەيخ مۇستافا مۇراغى بۇ قېتىملىق مۇنازىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان فىقھەدىكى بەلگىلىمىلەر توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقالىنى يېزىپ («ئەزھەر داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1936-يىللىق 7-سانىغا قاراڭ)، تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قىسمەن پىكرىنى ئىپادىلىدى. ئەزھەر داشۆسى يەنە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ شەرق ئەللىرى ۋە غەرپ ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان ئالىملار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بولۇپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا توسقۇن بولۇپ كەلگەن دىنىي ئىدىيە جەھەتتىكى تەقىپلەر بۆسۈپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى «قۇرئان كەرىم»نى يۈرەكلىك ھالدا ئۆز دۆلىتى تىلىغا ياكى ئۆز مىللىتى تىلىغا تەرجىمە قىلدى، نەتىجىدە «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ئىسلام مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا بولۇپ قالدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە، ئىسلام دىنى بىر نوقۇل دىندىن راۋاجلىنىپ، دىنىي ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ھالىتىگە يەنى بىز ئادەتتە دەيدىغان ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئايلاندى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىۋارىنى قوزغاشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار، «قۇرئان كەرىم» ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان، بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ بولمايدىغان مۇقەددەس كىتاب، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ قارايدۇ؛ غەيرى مۇسۇلمان ئالىملار بولسا «قۇرئان كەرىم» ھەم دىنىي كىتاب، ھەم ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم ئەسەر، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا «قۇرئان كەرىم»گە قارىتا مۇسۇلمانلاردىكىگە ئوخشاش مۇقەددەسلىك ھېسسىياتى بولمىغاچقا، ئۇلار بەزى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر خىل مەدەنىيەت ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، بەزىلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنىغا رەددىيە بېرىش غەرىزىدە، ھەتتا بەزىلىرى ئەينى چاغلاردىكى مۇسۇلمان ھوقۇقدارلارغا ياخشى كۆرۈنۈش مەقسىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. ئېيتىلىشچە، 11 ـ ئەسىردە، باغداتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان بىر تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن①، بىراق بۇ تەرجىمە نۇسخىسىغا دائىر كونكرېت ئەھۋالنى تېخى بىز بىلمەيمىز. مىلادى 12 ـ ئەسىردە، مىسوپوتامىيىنىڭ شىمالىي رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەدىمقىي سۇرىيە تىلىدىكى ئىككى تەرجىمە نۇسخىسى چىققان، ئۇنىڭ بىرسىنى ئېدىسا باش روھانىسى باسىل تەرجىمە قىلغان، يەنە بىرسىنى دىيار بەكرىنىڭ باش روھانىسى ئىبنى سەلىبى تەرجىمە قىلغان②. ئالدىنقىسى ھەممىنى تەرجىمە قىلغان، كېيىنكىسى قىسمەن پارىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەندالۇستا ئىسلام مەدەنىيەتىنىڭ ئىبېرىيان يېرىم ئارىلىدا غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئېلىشىشى ۋە خىرىستىيان ئەھلى سەلىبىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىسىدا، ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىشقا بولغان ھەۋىسى قوزغالدى، ئارقىدىنلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ياۋروپادىكى غەيرى مۇسۇلمانلار تەرجىمە قىلغان تۈرلۈك تىللاردىكى نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى.

## ياۋروپادىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ غەرپ ئەللىرى تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى، ھەممىدىن ئاۋال، غەربىي ياۋروپادىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەھلى سەلىپ ھەرىكىتىگە ماسلىشىش، «قۇرئان كەرىم»گە

① «ئامېرىكا قامۇسى»، 16 ـ توم 521 ـ بەتكە قارالسۇن.

② ئابدۇرېھىم. م. ئەلى: «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى»، 39 ـ ۋە 50 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

رەددىيە بېرىش، ئىسلام دىنىنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى بۇرمىلاش خۇنۇكلەشتۈرۈش مەقسىتىدە باشلانغان. لاتىن تىلى ئەينى چاغدا، ياۋروپادا مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئىشلاردا ئورتاق قوللىنىدىغان تىل ئىدى، شۇڭا، 1141 ــ 1143 ـ يىللاردا، فرانسىيىدىكى كرۇنى مۇناستىرىنىڭ باشلىقى پېتىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئەنگلىيىلىك روبېرت، فرانسىيىلىك ھېلمان ۋە ئىسپانىيىدىكى بىر ئەرەب «قۇرئان كەرىم»نى ئالدى بىلەن لاتىنچىگە تەرجىمە قىلدى، بۇنىڭدا ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى، بىراق بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئەينى چاغدا بېسىلمىدى، 400 يىل ئۆتۈپ، 1543 ـ يىلى ۋە 1550 ـ يىلى شىۋېتسارىيىنىڭ بازىل دېگەن يېرىدە بىبلەند ئىككى قېتىم باستۇردى. لېكىن ئۇ ساقلاپ قېلىنمىغاچقا، بۇ ھەقتە بىز بەزى ھۆججەت، ماتېرىياللاردىنلا بەزى تەسىراتلارغا ئىگە بولىمىز. بەزى تەكشۈرۈپ دەلىللىگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتلاردىن ئېيتقاندا، بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئەسلىگە بىر قەدەر سادىق بولغان ئىكەن.

15 ـ ئەسىردە، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپاغا قاراپ كېڭىيىشى ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئوسمانلار ئېتىقاد قىلغان دىنىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىي كىتابلىرىغا تاقابىل تۇرۇش، "تۈركلەر ئىلاھىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىش مەقسىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن"،① 16 ـ ئەسىردىن بۇيان، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى «قۇرئان كەرىم»نى فرانسۇز، ئىنگلىز، لاتىن، گېرمان، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن نەشىر قىلدى، بىراق تەرجىمە نۇسخىلىرىدا تەنقىد قىلىدىغان مەزمۇنلار بولمىغانلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئومۇمەن رۇخسەت قىلىنمىدى. بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىچىدە، ئەڭ دەسلەپكى فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى دۇرىيې ئەرەبچىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ، «مۇھەممەتنىڭ قۇرئانى» دەپ ئاتىدى ۋە 1647 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلدى. دۇرىيې ئەسلىي دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ، كونىستانتىنىپول (ھازىرقى ئىستامبۇل)دا ۋە مىسىردا كۆپ يىللار تۇرغان بولۇپ، ئەرەبچە ۋە تۈركچىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ تەرجىمە نۇسخىسىغا بىرمۇنچە شەرق مۇفەسسىرلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدىكى ئىزاھاتلىرىنى تاللاپ كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى مەلۇم ئىلمىي ئابرويغا ئىگە قىلدى. نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پارىژدا ۋەگوللاندىيىنىڭ ئامستېردام شەھىرىدە بەش قېتىم قايتا نەشر قىلىندى. دۇرىيېنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىن كېيىن 1783 ـ يىلى كېرودىيۇ ساۋالنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى چىقتى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى دۇرىيې تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېشىپ چۈشتى. فرانسىيە ئالىمى گروس: "ئامىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇش بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىراق ئۇنىڭدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەدىمقى فرانسىيىگە دائىر مەزمۇنلار ئىسلام دىنىغا دائىر مەزمۇنلاردىن كۆپ ئىكەن" دېگەن. كېيىنكى چاغلاردا، كاشمىرىسكى «قۇرئان كەرىم»نى يەنە فرانسۇزچىغا تەرجىمە

① «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، ماجىيەن تەرجىمىسى، 1979 ـ يىلى شاڭخۇ نەشرىياتى نەشرى، 147 ـ بەتتىكى ئىزاھقا قارالسۇن.

قىلدى ھەمدە 1840 ـ يىلى پوتلىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە چىققان «شەرقنىڭ مۇقەددەس كىتابلار مەجمۇ-
ئەسى»گە كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. كېيىنكى يىلى تەرجىمان تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ
ئۆزىنى ئايرىم كىتاب قىلىپ باستۇردى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى شەرقشۇناسلارنىڭ باخشى باھاسىغا
ئېرىشتى. فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىمالىي ئافرىقىنى بوي سۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىسلام
دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تەرجىمە نۇسخىسىنى قايتا ـ قايتا باستۇردى، بۇ تەرجىمە
نۇسخىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن بىرى دەپ
قارالدى.

تۇنجى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەنگلىيىلىك پوپ ئالېكساندىر روس دۇرىيېنىڭ
فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلدى، نامى فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا
ئوخشاش «مۇھەممەتنىڭ قۇرئانى» دەپ ئاتىلىپ، 1649 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىندى. روس
تەرجىمە نۇسخىسىغا بەرگەن ئىزاھاتىدا «قۇرئان كەرىم»نى "تۈرلۈك سەپسەتىلەرنىڭ بوتقىسى"
دەپ ھاقارەتلىدى. بۇ روسنىڭ دىنىي تەسكىرىي قارىشىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ
تەرجىمە نۇسخىسى خىرىستىيان مەيدانىدا تۇرۇپ يېزىلغان ئىسلام دىنىغا قارشى مۇنازىرە خاراكتې-
رىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 1734 ـ يىلى نەشر قىلىنغان جورج سەلنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىغا ئۇنىڭ
بىر پارچە ئۇزۇن كىرىش سۆزى بېرىلىپ، تەرجىمە قىلىش مەقسىتى، ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا
بولۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تونۇشتۇرۇلدى، ئۇ ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان
كەرىم»گە دىنىي تۇرغۇدىنلا ئەمەس، بەلكى پەلسەپە تۇرغۇسىدىن قاراپ، 18 ـ ئەسىردە فرانسىيە
ئىجتىمائىيەت ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بىراق، تەرجىمان مارازنىڭ
تەرجىمە نۇسخىسىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسلام دىنىغا تەسكىرىي
قاراش بىلەن، رەددىيە بېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى غەرپ مۇستەملىكىچى-
لىرى ھەدەپ شەرققە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان دەۋردە، ئۆلچەملىك ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى دەپ
قارىلىپ، نۇرغۇن قېتىم نەشر قىلىندى ھەمدە «جامدوس مەجمۇئەسى»گە كىرگۈزۈلدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن، 1861 ـ يىلى لوندوندا تەرجىمىسى خېلى سىلىق بولغان لىيۇدۋىلنىڭ تەرجىمە
نۇسخىسى نەشر قىلىندى، 1880 يىلى ئوكسفورددا پاملىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى،
1937 ـ يىلى ۋە 1939 ـ يىللىرى مالمادۇ ۋە رىچاردپال قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر
قىلىندى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاندېرى ئەلفابىن
تەرجىمە قىلىپ، «مۇھەممەتنىڭ قۇرئانى» دەپ نام بەردى ۋە 1547 ـ يىلى نەشر قىلدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇش
تارىخىنى تونۇشتۇردى، بەزى سۈرە ـ ئايەتلەرگە ئىزاھات ۋە باھا بەردى. ئۇنىڭدىن سىرت،
1913 ـ يىلى ۋە 1929 ـ يىللىرى مىلاندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، فىراكوش ۋە بۇنال تەرجىمە
قىلغان نۇسخىلىرى نەشر قىلىندى.

ئەڭ دەسلەپكى نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى شۋىگ ئەلفابىننىڭ ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخى-

www.uyghurkitap.com

سىغا ئاساسەن ئىشلىدى. ئۇ 1616-يىلى باۋارىيە ئوبلاستىنىڭ نيۇرنبېرگ دېگەن يېرىدە [illegible] قىلىندى. 1641-يىلى بىرەيلەن ئاشۇ تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن، گوللاندىيە تىلىغا تەرجىمە قىلدى. 1773-يىلى بويىرسىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى، بۇ تەرجىمە نۇسخىسى كېيىن ئوھرىمان قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن يېڭىۋاشتىن نەشر قىلىنىپ، بىر قەدەر كەڭ تارقىتىلدى. 1826-يىلى ۋە 1840-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ھاللى (تەرجىمە نۇسخىسىغا ئىسمىنى ۋال دەپ يازدى) ۋە ئۇلمانلارنىڭ نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىندى.

ئىتالىيە كاتولىك دىنى پوپى مارازنىڭ ئەرەبچە ئەسلى تېكىستىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان لاتىنچە تەرجىمە نۇسخىسى 1698-يىلى فادوۋادا بېسىپ تارقىتىلدى. تەرجىمان بۇنىڭغا ئەرەبچە تەپسىرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن ئۈزۈۋېلىپ بەزى ئىزاھلارنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ياۋروپادىكى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىدىغان نۇسخا بولۇپ قالدى. تەرجىمان پاپا ئىننوسىن XI ئالدىدا تەۋبە قىلغۇچى بولۇپ، تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى لىئوپىد I گە تەقدىم قىلدى. تەرجىمان ئۆزى يازغان، «قۇرئان كەرىم»گە رەددىيە بېرىدىغان كىرىش سۆزىدە، "ياۋروپالىقلاردا ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئەڭ يامان كۆزقاراش پەيدا قىلىش"قا ئۇرۇندى. «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلغۇچى فرانسىيىلىك براھىلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇنى ياۋروپادىكى دىن تارقاتقۇچىلار ۋە دىنىي خادىملار ئىسلام دىنىغا ھۇجۇم قىلىش، ئىسلام دىنىنى تەنقىد قىلىشتا ئاساس قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشى ۋە ھۇجۇم قىلىشى 18-ئەسىردە فرانسىيە زىيالىيلىرىدا باشقىچە پىكىر ۋە قارشىلىق پەيدا قىلدى. ئۇنىڭغا تازا قارشى تۇرغان ئادەم ئىبنى قەسىرنىڭ «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابىنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغۇچى كانىيە بولدى، ئۇ ماراز ئەرەبچىنى ئەسلا بىلمەي تۇرۇپ، "مۇھەممەتنىڭ ھاياتىغا دائىر كىتابنى قوپاللىق، يىرىكلىك بىلەن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلدى، گەپ-سۆزلىرى باغلاشمايدۇ، سىلىق ئەمەس، تەنقىدلىرىمۇ سەممىي ئەمەس"، "ئۇنىڭ ئەسىرىنى قارىسىغا ئويدۇرۇپ چىققان، مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىنى ھاقارەتلەش بىلەن تولغان، كىشىلەرنىڭ ئىچى پۇشقىنىنى چىقىرىشقىلا بولىدىغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ" ① دەپ ئەيىپلىدى.

ئەڭ دەسلەپكى رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى بوسنىكوۋ غەربىي ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلىدى، ئۇ 1716-يىلى پېتىربورگدا نەشر قىلىندى. بىراق، ھەممىدىن ئاۋال ئەرەبچە ئەسلى تېكىستىدىن بىۋاستە رۇسچىغا تەرجىمە قىلغانلار پاگوسراۋسكى (1871-يىلى تەرجىمىسى تۈگىدى، نەشر قىلمىدى) بىلەن سابرولۇكوۋ (1878-يىلى قازاندا نەشر قىلىندى) ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى تەرجىمە نۇسخىسىنى كىراچكوۋسكى ئىشلىدى، 1963-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىندى.

---

① ئابدۇللا ئىمران: «قۇرئان كەرىم»نىڭ بېسىلىشى ۋە تارقىلىشى» دېگەن ماقالىغا قارالسۇن (ماراكەش «ھەقىقەت دەۋىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1973-يىللىق 12-سانىغا بېسىلغان)

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ تەرجىمىسى ئۇسال بولۇپ، بەزىلىرىدە تەرجىمىگە ئىنزاھ بېرىش نامى بىلەن كەلسە-كەلمەس باھا بېرىلگەن ۋە تەنقىد قىلىنغان، شۇڭا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى، ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە يەن، مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى بىلەن، ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىشتا بارا-بارا بىر قەدەر ئادىل پوزىتسىيە تۇتۇلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قەدەر ئوبيېكتىپ بولغان ھەمدە ئىلمىي قىممىتى بولغان بىرمۇنچە تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغان فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1957-يىلى ۋە 1967-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارىژدا نەشر قىلىنغان براھىل ۋە ماسۇنلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى ھېسابلىنىدۇ؛ بىر قەدەر مەشھۇر ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى مۇنۇلار: ① 1937 — 1938-يىللىرى ئېدىنبۇرگلىق بىل تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن ئەڭ ياخشى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى دەپ قارالدى؛ ② ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس ئاتەل ج. ئابىل ئۇلۇق بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدىمكى تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ 1955-يىلى نەشر قىلىندى؛③ كېيىنكى يىلى داۋۇد ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نەشر قىلىندى. كېيىنكى ئىككى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1972-يىلغىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا، تۆت قېتىم ۋە سەككىز قېتىم نەشر قىلىندى.

## ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشى

پارسلار ئىسلام دىنىنى ئەرەبلەردىن قالسا ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان مىللەت. ئەرەب خەلىپىلىكلىرى پىرسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى زېمىندىكى ئاھالىلار ئىچىدە ئىسلام-ئەرەب مەدەنىيىتىنى زوركۈچ بىلەن تىرىشىپ يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق تارىختا ئىگە پارس تىلى ۋە پارس مەدەنىيىتى تارىختا ئۆتكەن ئىسلام خانىدانلىقلىرىدا كۈچلۈك رول ئويناپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. پارس مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن ھەم ئۆز مىللىتى تىلىنى پۇختا بىلىدىغان، ھەم ئەرەب تىلىنى پۇختا بىلىدىغان بىرمۇنچە مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلار پارس تىلىدا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرىدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرۇنلا «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە، ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئىسمىنى يوشۇرۇش خاھىشى بولغاچقا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە قىلغۇچىلار كېيىنكى ئەۋلادلارغا نامەلۇم. تېھراننىڭ «ۋاستىچى» دېگەن كىتابىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم»نى پارىسچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن مەلۇم بولغانلىرى موللا مۇھەممەت دەۋانى، جەمالىدىن خىزائى، مىرزا.م.

نۇسەيرى، مىرزا. ت. كەشانى، مۇفەسسىر. مازەندىرانى قاتارلىقلاردۇر. پارىسچە «تەپسىرى ھۇسەينى»نىڭ تەرجىمانى موغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى ھىندىستانلىق ئۆلىما ھۇسەيىن كاشفى ئىدى. ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئىخچام ھەم راۋان چىققان، بەزى سۈرىلەرنى تەرجىمان ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرى بويىچە چۈشەندۈردى، شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي تۈس ئالغان تەپسىرى ھېسابلىنىدۇ. تەرجىماننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ھىجرىيىنىڭ 897-يىلى (مىلادى 1491-يىلى) تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، بەش يىلدا تەرجىمە قىلىپ بولغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستانلاردا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا كەڭ تارقالغاندىن باشقا، ئىلگىرى دۆلىتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى مەسچىتلەردە «قۇرئان كەرىم» ۋە پارىسچە ئۆگىنىش دەرسلىكى قىلىنغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، پارىسچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرجىمىسى ئەسلى تېكىستىنىڭ ئاستىغا يېزىلىپ بېسىلغان. كېيىن ئۇردۇ تىلىدىكى ۋە باشقا تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ شۇنداق قىلىنغان، بۇنىڭدا سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپلا قالماستىن، مۇھىمى، تەرجىمىنىڭ ئەسلى تېكىستكە تەڭ ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ئۆز ئالدىغا قۇرئان بولالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭدا ئەسلى تېكىستىنىڭ مۇقەددەسلىكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغان. تېكىستى بىلەن تەرجىمىسىنى قوشۇپ نەشر قىلغاندا، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا قارشى تۇرغۇچى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئەيىپلەشلىرىدىن ساقلىنىپ، ئۇنى ئوقۇشلۇق تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولاتتى. 16، 17-ئەسىرلەردىن بۇيان، غەربىي ياۋروپادىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان مەقسەتلىك بۇرمىلاش ۋە مەقسەتسىز خاتالىق ھەم چۈشۈپ قېلىشلار «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدىغان مۇسۇلمان ئۆلىمالارغا يېڭىۋاشتىن قارشى تۇرۇشقا باھانە بولۇپ بەردى، بىراق بۇ ھال تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارغا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزلىرى تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇستەملىكىچىلىك ۋە جاھانگىرلىكنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان غەرپ دىنىي جەمئىيەتلىرى ۋە دىن تارقىتىش تەشكىلاتلىرى دىن تارقىتىش ۋاستىسى (جۈملىدىن مۇستەملىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئىنجىل»نى تارقىتىش) ئارقىلىق شەرق مۇسۇلمانلىرىغا سەلبىي جەھەتتىن دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار شۇنى تونۇشقا باشلىدىكى، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىكى خاتالىقلارنى ۋە بۇرمىلاشلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، تونۇشتۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش بولسا تونۇشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تېخنىكا ۋاستىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ماددىي ئىمكانىيەت يارىتىپ

بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز دۆلىتى تىلىغا ياكى ئۆز مىللىتى تىلىغا ئۆزلىرى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارس تىلىدىن باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ جەھەتتە ھىندىستان، پاكىستان مۇسۇلمانلىرى ئالدىدا مېڭىپ بەردى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كېتىشتىن بۇرۇنقى ھىندىستان ئىسلام دىنىنى بىر قەدەر بۇرۇن قوبۇل قىلغان، مۇسۇلمانلار ئاھالىسى بىر قەدەر زىچ بولغان رايون ئىدى. ئۇ يەردە، ئۆز مىللىتى تىلىنى پۇختا بىلگەندىن سىرت، پارس تىلىنى ئەرەب تىلىنى ۋە ئىنگلىزچىنى پۇختا بىلىدىغان نۇرغۇن ئۆلىمالار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا بۇرۇنلا ئەھمىيەت بەرگەن. ئوردۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى «قۇرئان كەرىم»نى شاھ ئابدۇقادىر (1753 — 1813) ئەسلى تېكىستكە ئاساسلىنىپ ھەمدە پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلدى. شاھ ئابدۇقادىر ھىندىستاندا ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى مۇتەپەككۇر ۋەلىيۇللا شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۇستا مۇفەسسىر ۋە ھەدىسشۇناس ئىدى. ئۇ فىقھەنى شەرھلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ 1826-يىلى نەشر قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى ھازىرغىچە بازارلىق بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن كېيىن، شاھ رافىئىددىن، فەۋق. بىلكىرام، مۇھەممەت ئىبنى سەئىد، شاھ ئەشرەف سانەۋى ۋە نەزىر ئەھمەت قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى. 1887-يىلى ھاجى ئەلى بەھاۋەنكىرىنىڭ كۇجىراتىيە تىلىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. ئەينى چاغدا ھىندىستان ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئىنگلىزچىنى پىششىق بىلىدىغانلار بەك كۆپ ئىدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ غەربچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ تەسىرىنى تۈسۈش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنگلىزچىگە ئۆزلىرى تەرجىمە قىلدى. 1905-يىلى ۋە 1919-يىلى دېھلىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئابدۇلھەكىم ۋە مىرزا ھىراتىلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1930-يىلى ھىندىستاندا ئەنگلىيىلىك مۇسۇلمان مۇھەممەت ما. بېكسارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بېكسار تېكىستقا ئىزاھ بەرمەي، ھەر بىر سۈرە ئالدىغا شۇ سۈرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئاساسىي ۋەقەلەر ئۈستىدە ئەسلەتمە بەردى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىدىيەسىنى ئەدەبىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ، بۇ ”تەڭدىشى يوق سىمپونىيە، كىشىلەرنى يىغلىتىدىغان ۋە شاتلاندۇرىدىغان ھەقىقىي مۇزىكا ساداسى“① دېدى. ھىندىستاندىن باشلانغان ئەھمەدىيە مەزھىپى باشقا مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئېتىقات مەسىلىسىدە قارشىلاشتى، بىراق «قۇرئان كەرىم»نى دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەزھەپنىڭ ئۆلىماسى مۇھەممەت ئەلىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى 1917-يىلى نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالدى. ھىندىستان ئۆلىمالىرى ئىشلىگەن ئىنگلىزچە نۇسخىنىڭ تەسىرى ئەڭ

① يۈسۈف ئەلىنىڭ ئىنگلىزچە «قۇرئان تەپسىرى. قۇرئاننىڭ تەرجىمە قىلىنىشى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

زور بولغىنى سۈننىي مەزھىبى ئۆلىماسى يۈسۈف ئەلىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، تۇنجى قېتىم 1934 - يىلى نەشر قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن قېتىم قايتا نەشر قىلىندى. پاكىستان دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىستان ئۆلىمالىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوردۇ ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى يېڭى تەرجىمە نۇسخىلىرىنى نەشر قىلدى.

تۈرك تىلى ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ تىلنىڭ بىرى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقى زامان تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. 1956 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا "تۈركىستان تىلى" (يەنى كونا تۈرك تىلى ياكى چاغىتاي تىلى)غا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان تەپسىرى» نەشر قىلىندى. تەرجىمان مەھمۇت تەرازىنىڭ ئېيتىشىچە، "بۇ تۈركىستان تىلى"غا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى «قۇرئان كەرىم» ئىكەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىندونېزىيە، مالايشىيا، بېنگال ۋە بىرما قاتارلىق ئەللەردە ئۆز دۆلىتى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. بۇ ھەقتە ھازىرچە ماتېرىيال يوق، كېيىن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ياپونىيىگە كىرىشى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن، ياپونىيە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا جۇڭگو ۋە غەرب ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئاز - تولا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئىدى. 1925 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە، ياپونىيىنىڭ بىر مەدەنىيەت تەشكىلاتى — دۇنيا دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش جەمئىيىتى «قۇرئان كەرىم»نىڭ غەربىي ياۋروپا تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياپونچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. 1954 - يىل 3 - ئايدا، يۇچۇەنجىمېي ئىسىملىك ياپونىيىلىك بىر مۇسۇلمان ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نى سوغا سۈپىتىدە پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1950 - يىلى ۋە 1957 - يىلى داچۇەن جۇمىڭ ۋە جىڭجيەن جۇتيەن تەرجىمە قىلغان ئىككى ياپونچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1972 - يىلى، ياپونىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى سەنتيەن لياۋيىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە خاتالىقلار سېزىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئالاقىدار خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ پىكرى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن تارقىتىلىشتىن توختىتىلدى. 1980 - يىلى مەزكۇر جەمئىيەت مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىپ، 1983 - يىلى «قۇرئان كەرىمنىڭ ياپونىيىچە - ئەرەبچە سېلىشتۇرمىسى ۋە تەپسىرى» دېگەن نامدا قايتا نەشر قىلدى.

1955 - يىلى ئەتراپىدا، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى تەرجىمە قىلغان ئىككى خىل ئىسپانچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىرىنى ئەھمەت ھەسەن ئەمىل دېگەن ئەرەب تەرجىمە قىلغان، يەنە بىرىنى سەيپىدىن رەھال ۋە پروفېسسور ستانىياگۇن بىللا بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان. كېيىنكى تەرجىمە نۇسخىسىغا تەرجىمان يازغان ئەرەبچە، ئىسپانچە كىرىش سۆز بېرىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇقەددەسلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئىسلام روھى شۇنىڭدەك «قۇرئان كەرىم»نىڭ "پەن، جەمئىيەت ۋە قۇرۇلۇش" جەھەتتىكى قاراشلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىگېرىيىنىڭ باش قازىسى ئەبۇ بەكرى جۇم «قۇرئان كەرىم»نى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، يورۇبا تىلى ۋە خاۋسا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، غەربىي ئافرىقا ئەللىرىدە بىر قەدەر كەڭ تەسىر قوزغىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 1914-يىلى خالىد شىلدىرىك دېگەن مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى دۇنيا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ لوندوندا نەشر قىلغان. مۆلچەرلىنىشىچە، 70 نەچچە يىلدىن بېرى يېڭى دۇنيا تىلى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغانلىقى چوقۇم. ئەپسۇسكى، ئالاقىدار ئەھۋاللىدىن تېخى خەۋەر تاپالمىدۇق.

سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»نىڭ 60 — 70 خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى بار. دۇنيا تىللىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تىلىدا تۆۋەندىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بار، يەنى خەنزۇ، ئۇيغۇر، تۈرك، پارس، ئۇردۇ، بېنگال، پۇشتۇش، كۇرد، ھىندى، كەشمىر، تامىل، پەنجاپ، گۇجىرات، كانارى، ماراتى، مارانو، ھايالام، تېلۇگۇ، مالاي، ھىندونېزىيە، جاۋا، ئامىنىيە، قازاق، ئۆزبەك، تاجىك، تاتار، دىۋال، سىنغالى، بىرما، تايلاند، ياپون، چاۋشيەن تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى بار؛ ياۋروپا، ئامېرىكادىكى مىللەتلەرنىڭ لاتىن، ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، ئىسپان، كاستىر، ئىتالىيان، پورتاگالىيە، شۋېتسىيە، گوللاندىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، چېخ، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، سېرۋىيە، كرودىيە، پوسنىيە، ئالبانىيە، رۇمىنىيە، پولشا، رۇس تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى بار؛ ئافرىقادىكى مىللەتلەرنىڭ سۋاھىلى، خاۋسا، يورۇبا، روئاندا ۋە سېنېگال تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى بار. ھازىر دۇنيادا ئورتاق قوللىنىدىغان ياكى قوللىنىدىغان ئادەم سانى كۆپرەك بولغان تىللاردىكى، مەسىلەن، پارس، ئۇردۇ، بېنگال، ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىسپان، نېمىس، رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ ھەرقايسى تىلدا نەچچە خىل، نەچچە ئون خىل نۇسخىسى بار.

لېكىن بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىچىدە، تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەسمىي تەرجىمە نۇسخىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرى شەخسىي ئەسەر ھېسابلىنىپ، باشقىلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ياكى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشىغىلا بولىدۇ، بۇلار دىنىي جەھەتتە تەۋراتنىڭ تەرجىمىسىدەك ئەسلى تېكىستى بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگە ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بەزى خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي، تەشۋىقات تارماقلىرى ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن، تەرجىمىسى توغرا بولغان ھەمدە قىسقىچە تەفسىرى بېرىلگەن تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىدۇ. 1985-يىلى مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئىسلام دىنىي ئالىي مۇدىرىيىتى «قۇرئان كەرىم»نى تۈرلۈك ئورتاق تىللارغا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت قۇرغانلىقىنى جاكالىدى، يەنە 70-يىللاردا مەزكۇر مىنىستىرلىك ۋە مۇدىرىيەتكە قاراشلىق «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلىنغان «تەفسىرى قۇرئان»نى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىشنى بەلگىلىدى①، بۇنىڭدا بارلىق تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ ئەسلى تېكىستنى مۇشۇ ئۆلچەملىك نۇسخىغا ئاساسەن چۈشىنىپ ۋە تەفسىرنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەپ، مەنەن تەرجىمە بىلەن ئىزاھنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتتى.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ جۇڭگودا تەرجىمە قىلىنىشى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزگە كىرىشىگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا كىرگىنىگە بىر مىڭ 300 نەچچە يىل بولدى. بىراق ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش ۋە دىنىي خادىملارنىڭ ئاغزاكى چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەقەت ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا چەكلەندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ۋە دىن تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنى خەنزۇچە يېزىق بىلەن يازغان ئۆلىمالار ئۆز ئەسەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، لېكىن بىر كىمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق تەرجىمە قىلغىنىنى ئۇچراتمىدۇق. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ماجىبىن تەرجىمە قىلغان «ئايەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى» (يەنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئۈزۈندە) ۋە مافۇچۇ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى»نىڭ بەش پارىسى مەيدانغا چىقتى. ئەمما مۇسۇلمانلار تۇرغان تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت شارائىتى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مافۇچۇ باشلىغان «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ئىشى داۋاملاشالمىدى. دېڭىز قاتنىشىنى مەنئىي قىلىش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋروپا تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ كىرىشىگە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلاندى.

دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق تەرجىمە قىلىش ئىشىنى غەيرىي مۇسۇلمانلار باشلىدى، 1927 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان لى تيېجېڭ ياپونچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» ۋە 1931 ـ يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان جى جۆمى قاتارلىقلار ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلغان «خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان كەرىم» ئاشۇ تىپقا كىرىدۇ. تەرجىمە قىلغۇچىلار ئەرەبچىنى ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى بىلمىگەنلىكى، تەرجىمىنى كونا ئەدەبىي تىل قېلىپىدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، سۆزلىرى بىر قەدەر تېتىقسىز چىققان ھەمدە كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرى كۆپرەك بولغان، بۇ نۇسخىسى كۆپ بېسىلمىغان، تارقىلىشمۇ چەكلىك بولغان.

جۇڭگودىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشى مۇسۇلمانلارغا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغان زاتلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بەزى ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ

① مىسىر «ئېھرام» گېزىتىنىڭ 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە قارالسۇن.

قارشىلىقىنىمۇ قوزغىدى. بۇ ئادەملەردە تەشۋىقات ۋاستىلىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇش ئاساسلىرى خاتىرىلەپ قالدۇرۇلمىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تېخى بىلمەيمىز، ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇنۇمنىڭ «قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلىشقا دائىر سوئال-جاۋابلار»[1] دېگەن ماقالىسىدىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن چەتئەللەردىكى قارشى تۇرغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى غۇۋا بولسىمۇ كۆرۈلالايمىز، مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» "مۇقەددەس كىتاب"، تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ؛ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنسا، تەرجىمە ئۇسۇلى بىرلىككە كەلمەيدۇ-دە، ئىلاھىي كىتاب "پارچىلىنىپ كېتىپ"، "گۇنا بولىدۇ" ۋاھاكازالار. بىراق، دەۋر تەرەققىي قىلدى، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي تەرغىباتى ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ياكى بىر خىل مەدەنىيەت ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرۇش ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىر خىل مۇقەررەر يۈزلىنىش ئىدى. ئەينى چاغلاردا، جوڭگو ئىسلام دىنى ئىچىدىكى زىيالىلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشنى ياقلاش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇلار ئاللانىڭ كىتابىنى تەرجىمە قىلىش "مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى"، "ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى" دەپ ھېسابلىدى"، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەرجىمانلاردىن ئەرەبچە، خەنزۇچىنى ۋە ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنى پۇختا بىلىش، ئەسلى تېكىستىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىشقا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا، «قۇرئان كەرىم»نى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر ئۆز ئالدىغا تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇلاردىن ئەڭ نەتىجىلىك چىققىنى تيەنجىنلىك ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇنۇم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، قارشى سادالارنى رەت قىلىشقا تىرىشتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىدى. 1914-يىلدىن تارتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، كونا ئەدەبىي تىلغا، ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلغا ئۈچ قېتىم تەرجىمە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، 1932-يىلى، 1943-يىلى ۋە 1946-يىلى A ، B ، C تەرجىمە نۇسخىلىرىنى باستۇردى، يەنە كېلىپ 1946-يىلى شاڭخەيدە «قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە تەپسىرى (C)» مىليون سۆزلۈك بولۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ چىقتى. ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدىكى نۇسخىسىدا، مەشھۇر تەفسىرلەردىن پايدىلىنىپ، سۈرە، ئايەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرىدىغان "قىسقىچە تەپسىر" ۋە 1943 ئىزاھىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈشتىن تاشقىرى، «قۇرئان كەرىم»گە چېتىلىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى كەڭ تۈردە دەلىللەپ، ئۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ، ئۇنى "قوشۇمچە"دەپ ئاتىدى. بۇ نۇسخا مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، بىر قەدەر كەڭ تارقالدى. 1975-يىلى شاڭگاڭدا قايتا بېسىلىپ،

[1] «مىڭدې ئايلىق ژۇرنىلى» («قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشقا دائىر بايانلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان)، مىنگونىڭ 16-يىلى 8-ئاي نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا مەي دېلىن ھاجى تۈزگەن كۆرسىتىش ئاچقۇچى كىرگۈزۈلدى. ۋاڭ جىڭجەي تەرجىمە نۇسخىسىدىن تاشقىرى يەنە مۇنۇلار بار:

1. 1943-يىلى ليۇ جىنياۋ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە قوشۇمچە»، بېيپىڭدا نەشر قىلىندى. ليۇ جىنياۋ جۋاڭزى، كۇڭزى تەلىماتىنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، "قوشۇمچە"دە، كۇڭزى ئىدىيىسىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىگە ماسلاشتۇردى ھەمدە "قوشۇمچە"نى يېزىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا "بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى" دېگەنگە ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ،① ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئاسىيا ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىشى ئۈچۈن دوس تارتىپ بەردى دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىپ، تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئىناۋىتىگە داغ تەككۈزدى.

2. ياڭ جۇڭمىڭ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىي مەنىسى»1947-يىلى بېيپىڭ چېڭدا شىفەن مەكتىپىنىڭ نەشرىيات بۆلۈمى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى. كونا ئەدەبىي تىلدا قوپال ۋە ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، تىلى ئىخچام بولۇپ چىقتى، بىر ئەرەبچە سۆزى بىر خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە قىلىندى، يەنە كېلىپ ئەينى بىر سۆزنىڭ تەرجىمىسى ئاخىرىغىچە ئوخشاش بولۇپ، ئەسلى تېكىستىدىن خەۋىرى بار ئادەم سۆزنىڭ تەرجىمىسىگە قاراپ ئەسلى تېكىستىنى ئويلاپ تاپالايدىغان بولۇپ چىقتى. بىراق ئەسلى تېكىستنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئوقۇشى تەس بولدى.

3. 1946-يىلى شاڭخەيدە، جاڭ بىڭدو چاچما شېئىر شەكلىدە تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىنقى ئىككى پارىسى نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئالدى-كەينىدە «جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى ژۇرنىلى»دا ئۇ تەرجىمە قىلغان باشقا بىرقانچە سۈرە، ئايەتلەر كەينى-كەينىدىن بېسىلدى، كېيىن توختاپ قالدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، جاڭ بىڭدو ئەپەندى پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئورۇنلاشقا بېغىشلاشنى خالايدىكەن.

4. پروفېسسور ما جيەننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى. پروفېسسور ما جيەن مىسىردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاڭخەيدە، خا دېچېڭ، شا شەنيۈ ۋە ۋۇ تېڭگۈڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «قۇرئان كەرىم»نى كونا ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىشنى باشلاپ، 10 يىل تىرىشىپ، ئاخىرى پۈتتۈردى، 1950-يىلى بېيجىڭ داشۆسى نەشرىيات بۆلۈمى ئۇ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ 1-كىتابىنى باستى، بۇ كىتابقا ئالدىنقى ئالتە سۈرە، سەككىز پارە، تەرجىمان تۈزۈپ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى. كېيىن 1957-يىلى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئالدىنقى 7 سۈرە ۋە 8-سۈرىنىڭ ئالدىنقى 19 ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى بېسىلدى. بۇ سۈرىلەرنىڭ تەرجىمىسىگە قىسقىچە

---

① «قۇرئان كەرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە قوشۇمچە»، 698-، 725، 742-بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئىزاھ بېرىلدى، بۇ ئىزاھنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، دىنىي كىتاب ئارقىلىق دىنىي كىتاب شەرھىلەندى ھەمدە تەۋراتنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق قۇرئان شەرھىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى چۈشەندۈرۈلدى. كېيىن ئوبيېكتىپ شارائىت يار بەرمىگەچكە، قالغان تەرجىمىسىنى سىلىقلاش، ئىزاھلاش ئىشىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇنلا پۈتۈن تەرجىمىنى رەتلەپ چىقتى ۋە 1980-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىدى، بۇ نۇسخا خېلى كۆپ بېسىلىپ، بىر قەدەر كەڭ تارقالدى.

5. شى زىجۇنىڭ «قۇرئان كەرىمنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمە تەپسىرى» بولۇپ، بۇ بىرنەچچە ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ ھەمدە ۋاڭ جىڭجەينىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلىندى. بۇ نۇسخا 1958-يىلى تەيبېيدا نەشر قىلىندى، 1975-يىلى شاڭگاڭدا قايتا بېسىلدى.

بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئىلگىرى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نەشر قىلىنغان چاغىتاي يېزىقى ياكى تاتار يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەلدى. تۈرك تىلى ئائىلىسىدىكى تىللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئۆلىمالاردىن ئۆز مىللىتى تىلى بىلەن يېقىندىن تەرجىمە قىلىپ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەلىپى تۇغۇلدى. شۇڭا شىنجاڭدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەمشىدىن داموللا تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم تەفسىرى» بىر قەدەر مەشھۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دىنىي تەتقىقات يۇرتىدىكى مۇھەممەت سالىھ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

دۆلىتىمىز دۇنيا بويىچە خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ، 14 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار، «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ تۈپ كىلاسسىك كىتابى. ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشىگە، ئىسلام دىنى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىغا، كىشىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن نەقىل ئېلىشتا ئىشەنچلىك تەرجىمە ئاساسىغا ئىگە بولۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان مۇتەخەسسىس ۋە ئادەملەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرجىمىسى توغرا، تىلى راۋان، سىلىق بولغان، زۆرۈر ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىزاھلار بېرىلگەن ھەمدە ئەسلى تېكستى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچە ئۆلچەملىك تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردەك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# "ۋەز" ۋە "خۇتبە"

مۇبەي

"پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھىكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ." («قۇرئان كەرىم» 16-سۇرە، 125-ئايەت)

"كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان." («قۇرئان كەرىم» 11-سۇرە، 120-ئايەت)

"ۋەز" دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، ئۆگىتىش دېگەن بولىدۇ. "ۋەز" ئېيتىش دېگەنلىك، ئاممباپ سۆز بىلەن ئېيتقاندا، "دىنىي كىتابلارنى چۈشەندۈرۈپ، دىنىي قائىدىلەرنى ئۆگىتىش" دېگەن بولىدۇ. ئىمام، خەتىبلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ پەيغەمبىرىمىز ئورنىدا دىنىي قائىدىلەرنى ئۆگىتىدىغان مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ھەم ئىگىلەشنىڭ مۇھىم يولىدۇر. بۇ شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي تەشۋىق ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئۇسۇلى ۋە مۇھىم ئەنئەنىسىدۇر.

جۇڭگودا "ۋەز" ئاساسەن مەسچىتتە ئېيتىلىدۇ، "ۋەز" ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەر بولىدۇ. ئاياللار مەسچىتى ۋە ئايال ئىماملار بولغان يەردە بولسا "ۋەز" ئېيتقۇچى، "ۋەز" ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى جايلاردىكى ئەرلەر مەسچىتىدە، ئومۇمەن، ئاياللار تاھارەت ئالىدىغان سەراپ، مەسچىتنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئاياللار ناماز ئوقۇيدىغان ياكى "ۋەز" ئاڭلايدىغان مەخسۇس يەر بولىدۇ. بەزى جايلاردىكى ئاياللار مەسچىتى ئالاھىدە بولغان بەزىبىر خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە ئەرلەر مەسچىتىنىڭ ئىمام، خەتىبلىرىنى "ۋەز" ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار "ئىچكى قىسىمدا دىن تارقىتىش" ياكى "ئۆزى تارقىتىپ، ئۆزى قوبۇل قىلىش" دېيىلىدۇ. "ۋەز"نىڭ مەزمۇنىنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، "دادىسى بالىسىغا تارقىتىدىغان" ئەھۋالمۇ بار. باشقىچە ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى ئومۇمەن سىرتقا تارقىتىلمايدۇ، بۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، جوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مەنبەگە ئىگە.

"ۋەز" كۆپ چاغلاردا جۈمەكۈنى جۈمە نامىزىنىڭ ئالدىدا مەسچىتتە ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، روزى ھېيت نامىزى، قۇربان ھېيت نامىزى، مەۋلۇد ئوقۇلىدىغان كۈنلەر، ھەزرىتى فاتىمىنى خاتىرىلەش كۈنىگە ئوخشاش خاسىيەتلىك كۈنلەردىمۇ "ۋەز" ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، رامىزان ئېيىدىمۇ بەزى جايلاردىكى ئىمام، خەتىبلەر تاراۋىھ نامىزىدىن بۇرۇن ئازراق "ۋەز" ئېيتىدۇ.

"ۋەز"نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپ بولسا "ۋەز"نىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسىدۇر. دىنىي ئەقىدىدىن تارتىپ دىنىي قائىدىلەرگىچە، دىن يوللىرىدىن تارتىپ ئۆگىنىش يوللىرىغىچە، دىن تارىخىدىن تارتىپ مەسەل-تەمسىللەرگىچە، پەلسەپە، ئەدەپ-ئەخلاقتىن تارتىپ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ھەتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى "ۋەز"نىڭ تېمىسى بولالايدۇ. شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرز، توي، ئۆلۈم-يېتىم، كىيىم كىيىش، يېيىش-ئىچىش، يۈرۈش-تۇرۇش، تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشكە ئوخشاش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار، ئادەمنىڭ ئاللا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى "ۋەز"نىڭ مەزمۇنى بولالايدۇ.

"ۋەز" ئۇزۇنمۇ بولىدۇ، قىسقىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن بىر مەركەز گەۋدىلىك سۆزلىنىپ، باشقا ئىشلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزىدە بىر قېتىملىق "ۋەز"دە بىر مەسىلە سۆزلىنىدۇ، بەزىدە بولسا بىر مەسىلە بىرنەچچىگە بۆلۈپ بىرقانچە قېتىم سۆزلىنىدۇ. "ۋەز"نىڭ ۋاقتى يېرىم سائەت، قىرىق مىنۇتتىن بىر سائەتكىچە بولىدۇ. "ۋەز"نىڭ بېشىدا ئاۋۋال بىر-ئىككى ئايەت ئوقۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئايەتلەر چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ نەقىللەر تارىخىي ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ شەرھلىنىدۇ، ئاخىردا بۇلاردىن بىرنەچچە "نەسىھەت" (تەجرىبە-ساۋاق) يەكۈنلەپ چىقىرىلىدۇ ۋە "سىلەر بۇلارغا قۇلاق سالىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان بولساڭلار، بۇ دۇنيادا ئاللا ۋە پەيغەمبەر ئالدىدا ئىتائەتمەن بەندە ھېسابلىنىسىلەر، ئاخىرەتكە بارغاندا ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىسىلەر" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

ئىمام، خەتىبلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى، شەيئىلەرنى كۆزىتىشى، سۆز قابىلىيىتىگە ئاساسەن، دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر مەنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ جانلىق سۆزلەيدۇ، ئاڭلىغۇچىلار بارلىق دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايدۇ، ۋەھىمىلىك ئەھۋاللار سۆزلەنگەندە، ئاڭلىغۇچىلار ھەتتا كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ؛ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى سۆزلەنگەندە، ئاڭلىغۇچىلار خۇشاللىنىدۇ. "ۋەز"نىڭ بۇنداق ئالاھىدە رولىنى ھەرقانداق كىتابمۇ ئوينىيالمايدۇ. ئىمام، خەتىبلەرنىڭ ئادەتتىكى مەلۇماتقا ئىگە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئابرويى كۆپىنچە ئۇلار ئېيتقان "ۋەز"نىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ دىيانىتىنىڭ

قانداقلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. "ۋەز"نى ياخشى ئېيتىدىغانلار كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش، ئۇلارغا ئىلھام ۋە تەربىيە بېرەلەيدۇ، كىشىلەر بارمىقىنى چىشلىشىپ ئۇلارنى ماختاپ، "بىلىمى بار ئىكەن" دەيدۇ.

ئىمام، خەتىبلەر مەسچىتتىن پايدىلىنىپ، "ۋەز" ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىگىچە كېڭەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلايدۇ ھەتتا ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇنى تارقىتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىدىيىۋى ئالاقىنى ساقلاپ، دىنىي جەھەتتە ئۆزئارا پىكىر-ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلۈشى ئالدى بىلەن ئەرەبىستاندا ياشاۋاتقان ئەرەبلەرگە ئىسلام دىنىنى ئىلان قىلىش ئۈچۈن ئىدى، جۈملىدىن "ۋەز"مۇ ئەرەبچە "خۇتبە" ئارقىلىق بىۋاسىتە ئەرەب تىلى بىلەنلا كۆپچىلىككە سۆزلىنەتتى، بۇ يەردە تەرجىمە مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئاما ئىچىدە دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغاندا، دەسلەپتە ھەمىشە بىر تۈپ خورما دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، كېيىن بىر ياغاچچى پەيغەمبىرىمىزگە ئۈچ پايىلىك بىر مۇنبەر ياساپ بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز "خۇتبە"نى شۇ مۇنبەرگە چىقىپ، قولىدا بىر ھاسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولغان، مۇنبەر مەسچىتنىڭ ئىچىگە قويۇلغان. ھازىرقى مەسچىتلەردىمۇ ئىمام، خەتىبلەر "خۇتبە" ئوقۇيدىغان مۇنبەر بولىدۇ.

ئىسلام دىنى باشقا مەملىكەت، رايون ۋە مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، تىل-يېزىق ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەرەبچە ئوقۇلغان "خۇتبە" (ئەمەلىيەتتە "ۋەز") نى كىشىلەرنىڭ بىر-مۇنچىسى چۈشەنمەي قالغاچقا، مۇقەررەر ھالدا يەرلىك تىلدا سۆزلەشكە توغرا كەلدى، بۇ ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك، شۇنداق قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئوخشاش بولمىغان يېزىق ئىشلىتىدىغان مىللەتلەر "ۋەز"نى ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن "خۇتبە"نى تولۇقلايدىغان بولدى. "ۋەز" مۇنبەرگە چىقماي ئېيتىلىدۇ، "خۇتبە" بولسا مۇنبەردە ئوقۇلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ ئېيتساق، خەتىب ئاۋال خەنزۇچە تىل ياكى "مەدرىس تىلى" بىلەن "ۋەز" ئېيتىدۇ، جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ ئەرەبچە "خۇتبە" ئوقۇيدۇ. "خۇتبە" ئوقۇش كەم بولسا بولمايدىغان ئادەت بولۇپ قالدى.

جۈمە كۈنىدىكى "خۇتبە"نى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇغان: ئاۋال مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرغان، مۇئەززىن ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ "خۇتبە"نى باشلىغان، ئوتتۇرىدا سەل ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە داۋاملاشتۇرغان. كېيىن سۈننىي مەزھىپىنىڭ فىقھە ئالىملىرىدىن ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئىمام ھەنبەلىيلەر "خۇتبە"نى مۇشۇنداق ئوقۇشنى بەلگىلىگەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بولسا "خۇتبە"نى بىر شەرت دەپ

قاراپ، بىر قېتىملا ئوقۇشنى بەلگىلىگەن ۋە ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشنى سۈننەت دەپ قارىغان. ئىمام مالىك جۈمە نامىزىغا داخىل بولغانلار ئەرەبچىنى چۈشەنمىسىمۇ "خۇتبە"نى ئەرەبچە ئوقۇش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئەمما ئەبۇ يۈسۈپ، ئىمام شافىئىي قاتارلىقلار ئەرەبچىنى چۈشەنمىدىغانلار ئۈچۈن ئەرەبچە ئوقۇش شەرت، "خۇتبە" ئوقۇغۇچى پۈتۈنلەي ئەرەبچە سۆزلەشتە قىيىنلىسا، باشقا تىلدا سۆزلىمەكچى بولغاندا، ئايەتلەرنى ئەرەبچە ئوقۇسا ياكى باشقا دۇئالارنى ئەرەبچە ئوقۇسا ۋە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە جۈمە نامىزىغا داخىل بولغانلار ئەرەبچىنى چۈشىنەلەيدىغان بولسىمۇ، "خۇتبە"نى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

"خۇتبە" پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام زامانىدا، ئەرەبىستاندا دىنىي جەھەتتىكى ۋە جەمئىيەتتىكى بەزىبىر ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا دىنىي ئالىملارنىڭ ئۆزلۈكسىز تولۇقلىشى، بېيىتىشى ۋە تاللاپ ئىخچاملىشى ئارقىسىدا، ئىمام، خەتىبلەر خالىغىنىنى ئوقۇسا بولىدىغان "خۇتبە" كىتابى قىلىپ چىقىلدى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنى ئوقۇش بىر رەسمىيەت بولۇپ قالدى. لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئىمام، خەتىبلەر "خۇتبە"نى ئەرەبچە ئوقۇغاندا ئۆز يېرىدىكى خەخلەر چۈشىنىدىغان تىل بىلەن چۈشەندۈرىدىغان ئەھۋالمۇ بار، بۇنىڭ ئۆزىمۇ "ۋەز" ھېسابلىنىدۇ. "خۇتبە" ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى "ۋەز"نى ئەمەلىيەتتە "خۇتبە"نىڭ قوشۇمچىسى دېسىمۇ بولىدۇ.

ھەرقايسى دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام، خەتىبلەر ئوقۇيدىغان "خۇتبە" بىلەن ئېيتىدىغان "ۋەز"نى ئوخشاش بولمىغان نۇسخىدىكى كىتابلاردىن ئېلىشى مۇمكىن، بۇ كىتابلارنىڭ ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش، پەيغەمبىرىمىزگە سالاۋات ئوقۇش، ئاللادىن خاتىرجەملىك ۋە مەغپىرەت تىلەش قاتارلىق جايلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئوخشاش بولمىغان يەرلىرىمۇ بار، بۇنىڭ سەۋەبى بەزى كىشىلەر دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقاندەك، ئىسلام دىنىنىڭ تەركىدۇنيالىقنى ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولغانلىقى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ھەم پرىنسىپنى چىڭ تۇرىدىغان، ھەم جانلىق ئىش كۆرىدىغان دىن بولغانلىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوخشاش بولمىغان دەۋرگە ۋە ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشالايدۇ ھەمدە شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جايدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش يولى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئىسلام دىنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ 15-ئەسىرىگە قەدەم قويىدى، بۇ جەرياندا ئۇ ئەگرى-توقايلىقلارنى ۋە گۈللىنىش، زەئىپلىشىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۈزلىنىش جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 800 مىليوندىن بىر مىليارتقا يېتىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە كۆپ، لېكىن ئىسلام دىنى ساپ دىن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئەقىدىسى چۈشىنىشلىك ۋە ئىخچام بولغانلىقى، ئەمەللىرى ئاسان، ئەخلاقى ئالىيجاناب، تۇرمۇشى ئاددىي-ساددا، ئېتىقاد قىلغۇچىلار قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى خالايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ يېنىپ چىقىپ كېتىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز.

دەۋر ئۆزگەردى، دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، جەمئىيەت ئالغا باسماقتا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كۈندىن-كۈنگە يېڭىلانماقتا، ھەممە ئۆزگەرمەكتە ۋە ئىلگىرىلىمەكتە. ئىسلام دىنى، ئاساسىي ئەقىدىسى بىلەن بەش پەرزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزگەرمەي تۇرۇۋېرىدىغان دىن ئەمەس. بەش پەرزنى ئالساقمۇ، فىقھەدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئۇنى ئادەمگە، يەرگە، ۋاقىتقا، ئىشقا قاراپ ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھەج قىلىش شەرتىنى ھازىرلىمىغانلارنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، لېكىن مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. سۈننىي مەزھىبىدە فىقھە ئىلىم ئېقىمىدىن تۆتى بار. مەككە مۇكەررەمەدىكى تۇرالغۇ زامانىۋى ئىنشائاتلار مەملىكىتىمىزدىن بارغان ھاجىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە رادىيودىن «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلغان ئاۋازلا ئاڭلىنىپ قالماستىن، "ۋەز" ئېيتقان ئاۋازمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمەسلىك ۋە ئۇنى تەتقىق قىلماسلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، بىر ئىزدا تۇرۇۋېلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىسى ئەمەس. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتىمىز، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نۆۋەتتىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قاتنىشىپ، تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان پۇقرالىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش قىلىش سىغمايدىغان ۋەزىپىمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىزگە قۇشلار ئۆز چاڭگىسىنى ياخشى كۆرگەندەك، ئادەملەر ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشى كېرەك دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، بۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بولغاندا ئاخىرەت ئىشلىرىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق، بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيا ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىغان زېمىن دەپ بىلىپ، ئىككى دۇنيالىق ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلەش ئىسلام دىنىنىڭ روھىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بىزدىن ھەمىشە "قورقۇنچ" ۋە "ئۈمىد" ئىچىدە تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. "قورقۇنچ" ئىچىدە تۇرۇش دېگەنلىك ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ھەممە ۋاقىت ئاللانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئادالەتسىزلىك قىلىش، ئومۇمغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش، ئالدامچىلىق بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىش، سودا-سېتىقتا كەم بېرىش، رەمباللىق قىلىش، خۇداغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلاردۇر. ھەممە ۋاقىت ئاللانى خوش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىم. ئىشتا ئادىل بولۇش، ئاتا-ئانىغا

ھۆرمەت قىلىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، كەمبەغەللەرگە يار-يۆلەك بولۇش، يېتىم-يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىش، ھەققانىيەتنى قۇۋۋەتلەش، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللانى خوش قىلىدىغان ئىشلاردۇر. "ئۈمىد" ئىچىدە تۇرۇش دېگەنلىك ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدسىنى ئۈزمەسلىك دېگەنلىكتۇر. ياخشى ئىش قىلسا ساۋاب بولىدۇ، بەلكى نەچچە ھەسسىلەپ ساۋاب بولىدۇ. ئاللانىڭ ساۋابىدىن ئۈمىد كۈتۈش-كىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭغا ئېرىشكىلىمۇ بولىدۇ. "قورقۇنچ" ئىچىدە تۇرغاندا ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتىن، ئۆزىنى بىلمەي قېلىشتىن، تەلۋىلىك قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ "ئۈمىد" ئىچىدە تۇرغاندا تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم ئۆزى بىلمەي خاتالىشىپ قېلىش ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالى بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بىزنى ھەمىشە ئاللادىن مەغپىرەت تىلەشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى ئاللا قوبۇل قىلىدۇ.

ئىمام، خەتىبلەر ئىسلام دىنىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى، دىنىي جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئۆز ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن نەتىجە يارىتىپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن "ۋەز"نى تېخىمۇ ئوبدان ئېيتىپ، بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر-ئىككى مەسىلىنى بايان قىلىپ، "ۋەز" ئاڭلىغۇچى مۇسۇلمانلارنى يېڭى تەربىيىگە ئىگە قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ.

# ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز "ۋەز ئېيتىش" توغرىسىدا مەخسۇس بەت ئاچماقچى. بۇنىڭدىن مەقسەت ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام، خەتىبلەرنىڭ "ۋەز" ئۈچۈن تەييارلىغان ماقالىلىرىنى توپلاپ، جايلاردىكى ئىمام، خەتىبلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش. بىز مۇشۇنداق ماقالە-لارنى ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز: بىر ماقالىدا بىر مەركىزىي مەزمۇن سۆزلىنىدىغان بولسۇن، ئۇنىڭدا دىنىي كىتابلاردىن ئېلىنغان نەقىللەر بولسۇن، ماقالە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەش-تۈرۈلگەن، مەسىلە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولسۇن، ئەڭ ياخشىسى بىر ماقالە بىر قېتىملىق "ۋەز"نىڭ ئېھتىياجىدىن چىققۇدەك بولسۇن، بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن. ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام، خەتىبلەر، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى خىزمەتداشلار، ئالىملارنىڭ دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن بۇ مەخسۇس بەتنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ماقالىلەرنى ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. رەھمەت سىلەرگە.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى

## —— نىڭشيادا ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا

ما زېڭشەن

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئاخۇنۇملارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئاخۇنۇملارنى دىنىي كىتابلار، ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە سىياسەتنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئۇلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىمتىھان ئېلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇسۇلمانلار، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى دىن ئۈچۈن تازا ياخشى بىر ئىش قىلدى، دېيىشتى.

### 1. نېمە ئۈچۈن ئاخۇنۇملار ئۆگىنىشكە ۋە ئىمتىھان بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى

10 يىل داۋام قىلغان بۇ زور بالايىئاپەتكە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، دىنىي ئىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەسچىتلەرنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى، 1979 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرىدىلا نىڭشيا رايونى بويىچە مىڭغا يېقىن مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، زور بىر تۈركۈم ئاخۇنۇملارنىڭ بۇ مەسچىتلەردە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشى جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالدى. 1958 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئاخۇن بولغان ئابرويلۇق، ھېلىمۇ تىمەن تۇرۇۋاتقان پېشقەدەم ئاخۇنۇملاردىن ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىرى ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىندى، ئەمما بۇلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئاخۇن بولغانلار ۋە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىلگىرىكى تالىپلار ياش ـ قابىلىيەتلىك بولۇپ، دىنىي بىلىم جەھەتتە بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارمۇ تەكلىپ قىلىندى؛ ئەمما ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى 10 يىل دىنىي كىتابلارنى قولغا ئېلىپ باقمىغان بولغاچقا، بىر ئاز خېمىغا پېنىپ قالغان ئىدى. بەزى جايلاردا مەسچىتلەر ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، بىر مەھەل جىددىي ئېھتىياج سەۋەبىدىن، رەسمىي تەربىيە كۆرمىگەن، دىنىي كىتاب ۋە دىنىي ئەقىدىلەردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان بەزى كىشىلەر ئامالسىز ئاخۇنلۇققا تەكلىپ قىلىندى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەنىنىمۇ، دىنىنىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان، بېرىلىپ ئۆگىنىدىغان، تەربىيىلەپ كېتىشكە بولىدىغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ۋەزىپىسىگە لايىق كەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، تەربىيىلەش ئىستىقبالىمۇ يوق ئىدى.

ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا نۇرغۇن مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىر مۇنچە ئاخۇنۇملارنى ۋەزىپىگە قويۇپ، دىنىي تۇرمۇشنى نورمال يولغا سېلىش، شۈبھىسىزكى، زور ياخشى ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 10 يىل مالىمانچىلىق توپىيىلىدىن، دىنىي ئىشلار قاتتىق ۋەيرانچىلىققا

ئۇچرىغان، ئەمەلىيەتتە يەنە تولىمۇ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش، تەييارلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئىمكانىيەت يوق ئىدى؛ مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نورمال دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى مەسىلەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن خالىي بولۇش تەس ئىدى. ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە شۇ بولدىكى، ھازىرقى ئاخۇنۇملارنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ بىلىمى يېتەرسىز بولغاچقا، دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جىددىي زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەم ئاخۇنۇملارنىڭمۇ ئېھتىياجى، ھەم كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، ھەم ئۆگىنىشكە بېرىلمەيدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىمام بولدۇم دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە پەتىۋا چىقىرىپ، دىنىي ئىشلارغا زىيان سالغاچقا، ئۇلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. مەسىلەن، بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەسچىتكە ئېلىپ بارغاندا، ئىمام بىر قېتىم قول قېقىش، بىر قېتىم سالام بېرىش بىلەنلا دۇئا قىلىشقا باشلىغان. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى، نېمە ئۈچۈن جىنازا نامىزىدا بىر قېتىملا قول قاقىدىلا، دەپ سورىسا، بۇ ئىمام: "ئۆلۈپ كەتكىنى كىچىك بالا بولغاچقا بىر قېتىملا قول قاقسا بولىدۇ" دېگەن. بەزى ئاخۇنۇملار ھەتتا مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا بېشى قايسى تەرەپكە قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن. بۇنداق ئادەملەر قانداقمۇ ئىماملىق قىلالىسۇن؟

1981-يىلى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن: ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى، ئەمما مەسىلىلەرمۇ بار؛ ئاساسلىق مەسىلە، ئاخۇنۇملارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش كېرەك، ئىسلام جەمئىيىتى كۆيۈنۈش، ئاسراش روھىغا ئاساسەن، ئاخۇنۇملارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھان بېرىش ئىشىنى ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇشى كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى،

## 2. ئاخۇنۇملارنى ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھان بېرىشكە قانداق ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنى 1981-يىلى ئېچىلدى. يىغىندا ھەيئەت ئەزالىرى بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن، بەلنى باغلاپ ئاخۇنۇملارنى ئۆگىنىش قىلىش ۋە ئىمتىھان بېرىشكە تەشكىللەپ، ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن ئۇلارنى ئۆگىنىش قىلىشقا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈش، ئاخۇنلار قوشۇنىنى رەتكە سېلىش كېرەك. يىغىندا: 1958-يىلىدىن ئىلگىرى ئاخۇن بولغان پېشقەدەم ئاخۇنۇملار ئىمتىھانغا قاتناشمىغاندىن باشقا، ھازىرقى ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلىدۇ؛ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرگە قايتا تەكرار قىلىپ يەنە بىر نۆۋەت ئىمتىھان بېرىشكە

www.uyghurkitap.com

رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتەلمىگەن ۋە ئىمتىھانغا قاتناشمىغانلار ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ، دەپ قارار قىلىندى.

نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى بۇ خىزمەتنىڭ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يۇقىرىقى قارارغا ئاساسلانغاندا، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكلەر مىڭغا يېقىن بولۇپ، بۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ناھىيە، شەھەرگە جايلاشقان ئىدى، بەزى مەسچىتلەر چەت تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بولغاچقا، قاتناش قولايسىز بولۇپ، تەشكىللەش خىزمىتىگە زور قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىشمۇ بىر يېڭىلىق ئىدى. بەزىلەر، ھۆرمەتلىك ئاخۇنۇملاردىنمۇ ئىمتىھان ئالامدىكىن؟ قەدىمدىن بۇيان كىم ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىپ بېقىپتىكەن؟ دېيىشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئىختىلاپلار ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمما، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ قالمىدى، ئۇلار ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش روھى، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش ئىستىلى، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلىرى ئارقىلىق، بۇ خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قەيسەرلىك بىلەن تىرىشتى.

ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 1983-يىلى ئالدى بىلەن گۇيۈەن ناھىيىسىنى نۇقتا قىلىپ سىناق ئېلىپ باردى.

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى قىيىن بولىدۇ. گۇيۈەن ناھىيىسىدە سىناق ئېلىپ بېرىش داۋامىدا مۇنداق ئىككى مەسىلە ئاشكارىلىنىپ چىقتى: بىرى، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى. ئۆگىنىش مەزمۇنى ۋە ئۆگىنىش ۋاقتى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئاخۇنۇملار ھەرقايسى مەسچىتلەرگە تارقالغان بولغاچقا، يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلمىغان، بەزىلەر بەلگىلىمە بويىچە ئۆگەنمىگەن، ھەتتا ئۆگىنىش قىلمىغان. ئىمتىھان ئېلىنغاندا، ئىمتىھان سوئاللىرى ئاددىي، مەزمۇنى تېيىز، ئاخۇنۇملار بىلىشكە تېگىشلىك ساۋادلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى جاۋاب بېرەلمىگەن. بۇ ھال ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇشنى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. يەنە بىرى، تونۇشنىڭ توغرا بولمىغانلىقى. گۇيۈەن ناھىيىسى بويىچە يۈزدىن ئارتۇق ئاخۇنۇم ئۆگىنىشكە ۋە ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئىمتىھانغا كەلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بەزىلەر بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا دىنىي مەزھەپ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراپ، ئىمتىھان ئېلىش بىر مەزھەپنىڭ ئىككىنچى مەزھەپكە ئاۋارىچىلىق سېلىشى دەپ قارىغان. بۇنداق خاتا چۈشەنچە ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھانغا توسالغۇ بولغان. ئىمتىھانغا قاتناشمىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇنداق خاتا چۈشەنچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بەزىلەر بولسا ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي قالسام يۈزۈم چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئىمتىھانغا قاتناشمىغان.

بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساق، بىر ئەقىل تاپىسەن دېگەن گەپ بار. نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى گۇيۈەن ناھىيىسىدە ئاشكارىلىنىپ چىققان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە ئۇسۇل، قەدەم-باسقۇچ جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلاپ،

يەنە بىر قېتىم نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قارار قىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشى 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا ۋۇجۇڭ شەھرىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى پېشقەدەم ئاخۇنۇم مۇ يىلەن ئىمتىھانغا قاتناشقۇچى بارلىق ئاخۇنۇملارغا ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھاننىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى، تەلەپ، ئۇسۇل ۋە قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى. ئاندىن ئاخۇنۇملار ئون ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، نىسبىي ھالدا يىغىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلارغا ئۆگىنىش مەزمۇنى كۆرسىتىپ بېرىلدى، ھەر بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا ئىككىدىن ئۈچكىچە پېشقەدەم ئاخۇنۇم يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، بىر ئاي يىغىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

بىر ئاي يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلىشتىن ئوبدان نەتىجە ھاسىل قىلىندى. كۆپچىلىك بىرلىكتە دىنىي كىتابلارنى ئۆگىنىش قىلىپ، قائىدىلەرنى تەتقىق قىلدى. ھەممە مەزھەپلەرگە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى سەپلەندى. بۇ مەزھەپتىكى ئاخۇنۇملار باشقا بىر مەزھەپتىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، باشقىلارنىڭمۇ بىلىمى بارلىقىنى، باشقىلارنىڭ يېتەكچىلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق كۆرۈشىگە ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مىننەتدارلىقى ئاشتى؛ ھەرقايسى مەزھەپتىكى ئاخۇنۇملار بىر ئاي بىرگە ئۆگىنىش قىلىش، مەسىلىلەرنى ئۆزئارا موزاكىرە قىلىش ۋە بىر بىرىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، بىر بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئاشتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق تۈگەپ، ئىتتىپاقلىق كۈچەيدى، ئىلگىرى ئۆچرىشىپ قالسا قارشىپمۇ قويمايدىغانلار ھازىر ئۆچرىشىپ قالسا سالاملىشىدىغان بولدى. مۇسۇلمانلار ئاخۇنۇملارنىڭ بىرگە ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشاللاندى، بەزىلىرى تائام ئەكىلىپ بەرسە، بەزىلىرى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاخۇنۇملارنىڭ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

گۇرۇپپىدا بىر ئاي ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن، شەھەرگە يىغىلىپ ئىمتىھان بەردى، ئىمتىھانغا ئاخۇنۇملار بەس ـ بەستە قاتناشتى، كېسەل بولۇپ قالغان ۋە سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەردىن باشقا، ئىمتىھانغا قاتنىششقا تېگىشلىك ئاخۇنۇملارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ 93 پىرسەنتى لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى، ئۇلار دىنىي ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن خۇشال قايتىشتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر بىر مەزگىل تەكرار قىلىشنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى ئىمتىھان بېرىشنى ماقۇل تاپقاندا ئىلتىماس قىلسا، قايتا ئىمتىھان بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى.

ۋۇجۇڭ شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەمەلىيەت ئارقىلىق، كۆپچىلىك ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىشتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئەمەس، كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرگە ئاۋارىچىلىق سېلىش ئەمەس، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئارازلىق تۈگىتىلدى، ئاخۇنۇملارنىڭ دىنىي بىلىمى كۆپەيدى، ئېقىم مەسىلىلىرىگە ۋە سىياسەتكە دائىر بىلىدىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپەيدى، ئىدىيىسى ئايدىڭلاشتى، كۆڭلى ئازادە بولدى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە ئۆگىنىش قىلىش ۋە ئىمتىھان بېرىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، نۇقتىدا سىناق قىلىنغانلىقىغا دائىر خەۋەر ھەممىلا يەرگە تارقالدى. بىر جايدا سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن جايغا تۈرتكە بولدى. ئىمتىھان ئېلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلمىغان باشقا ناھىيە ۋە شەھەرلەردىكى ئاخۇنۇملارمۇ ئالدىنئالا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھانغا ھازىرلىق كۆرۈپ قويدى.

بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى سوغاققانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئاخۇنۇملارنى پىلان بويىچە بىر ناھىيە-بىر ناھىيىدىن ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھانغا ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ھەر بىر ناھىيىدە ئىمتىھان باشلانغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇ يىلەن ئاخۇنۇم كېلىپ سۆز قىلدى. ئۇ 83 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، تاغلار ئېگىز، يول يىراق ۋە ناچار بولسىمۇ ناھىيىلەرگە ئۆزى بېرىپ، سەپەرۋەر قىلىش نۇتقى سۆزلىدى ھەمدە ئىمتىھاندا باش نازارەتچى بولۇپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاخىردا خۇلاسە چىقىرىپ، بۇ خىزمەتنى باشتىن-ئاخىر ئۆزى تۇتتى. مۇدىر مۇ يىلەن تۇڭشىن ناھىيىسىدە ئىمتىھانغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبىرى لى شۆجىمۇ تۇڭشىن ناھىيىسىگە كەلگەن ئىدى، ئۇ مۇ يىلەن ئاقساقالنى كۆرۈپ سەممىي ھالدا: "سىز شۇنچە ياشنىپ قالغىنىڭىزغا قارىماي ناھىيىلەرگە كېلىپ ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپسىز، بۇ نېمىدېگەن ئەستايىدىللىق، بۇ ئىشنى جەزمەن ئوبدان ئىشلىگىلى بولغۇدەك!" دېگەن. دېمىسىمۇ، پېشقەدەم مۇدىر ئاخۇنلارنى ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھانغا ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ تۇتۇۋاتسا، بۇ خىزمەتنى قانداقمۇ ئوبدان ئىشلىگىلى بولمىسۇن!

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا جەمئىي 19 ناھىيە، شەھەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت ناھىيىدە مۇسۇلمانلار ئاز، ئاخۇنۇممۇ يوق دېيەرلىك، شۇڭا ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىنمىدى. 1986-يىل 9-ئايغا قەدەر، قالغان 15 ناھىيە، شەھەردىن 11 ناھىيە، شەھەردە ئىمتىھان تاماملاندى. ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 588 نەپەر بولۇپ، بۇلاردىن 570 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، گۇۋاھنامە ئالدى؛ 18 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەچكە، قايتا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەكرار ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى ئاخۇنۇملۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان 10 نەچچە يىلەن ئاخۇنلۇقتا دەرىجىسى تۇشمايدىغانلىقىنى ئۆزى سېزىپ، ئىمتىھان ۋە ئۆگىنىشكە قاتناشمىغان بولغاچقا، ۋەزىپىسىدىن ئۆزلۈكىدىن قېپقالدى.

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئاخۇنۇملاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ھەمدە ئاخۇنۇملارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخۇنلار قوشۇنىنى رەتكە سېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق. بىزنىڭ ئىماملىرىمىزنىڭ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ — ئاخۇنۇملىرىمىزنىڭ دىنىي كىتابلارنى ۋە سىياسەتنى داۋاملىق ئۆگىنىپ، دىنىي ئىشلىرىمىزنى بارغانسېرى ئوبدان يولغا قويۇشنى تىلەيمىز.

# بېيجىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى

بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بېيجىڭ شەھىرى مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەھەرلىك مىللەتلەر كۇلۇبىدا ئېچىلدى. شەھەر بويىچە ھەرقايسى سەپلەردىن كەلگەن 46 نەپەر ئىلغار شەخس ۋە 5 ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى بىر جايغا جەم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىكى ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى دوكلات قىلدى ھەمدە تەجرىبە ئالماشتۇردى. يىغىنغا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار كارخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شا جىيۇەن يىغىندا سۆز قىلدى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئەن شۋېي ئاخۇنۇم يىغىندا خۇلاسە سۆزى قىلدى.

ۋەتەننى، دىننى سۆيگەن ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا تۆھپە ياراتقان چاڭپىڭ ناھىيىسى شىگۇەنشى مەسچىتىنىڭ ئىمامى لياڭ يەنيۈ يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى. شىگۇەنشى 500 ئائىلە، بىر مىڭ 790 نوپۇسقا ئىگە كەنت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار 450 ئائىلە، بىر مىڭ 450 نوپۇسنى يەنى كەنت ئاھالىسىنىڭ 87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. كەنتكە ياردەملىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان يولغا قويۇش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن، ئاخۇنۇملار ۋەز ئېيتقاندا دائىم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، كوللېكتىپقا كۆيۈنۈش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. 1986 - يىلى دۆلەت غەللە - پاراق ئاشلىقى تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاخۇنۇملار كەڭ مۇسۇلمانلارغا غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلغان، نەتىجىدە، ئۇلار 120 مىڭ جىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاپ، ناھىيىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇ كەنتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتىكى يەنە بىر مەزمۇنىدۇر. كەنتتىكى خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلار

بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئاخۇنۇملار بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ھەر يىلى روزى ھېيتتا يىغىلغان سەدىقە فىترىنىڭ ھەممىسنى كەنتتىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە بېرىشنى قارار قىلغان، بۇنداق قىلىشنى ئۇلار ھازىرغا قەدەر تۆت يىل داۋاملاشتۇرغان.

كەنتتىن ھەر يىلى ھېيت-ئايەملەردە خۇيزۇلارغا بېرىلگەن قوشۇمچە ماي بىلەن ئۇندىن مەسچىت ۋە دۆيدىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق خەنزۇلارمۇ ئوخشاش بەھرىمەن بولغان. ئۇزاقتىن بۇيان كەنتتە ئولتۇرۇپ كەلگەن خەنزۇلارمۇ ئۆي قۇشلىرىنى مەسچىتكە ئاپىرىپ ئاخۇنۇملارغا بوغۇزلاتقان، ئاخۇنۇملار ئۇلاردىن ئەزەلدىن بوغۇزلاش ھەققى ئالمىغان. خەنزۇلار خۇيزۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ئۇلارمۇ خۇيزۇلارنى ھۆرمەتلىگەن. ھەر ھېيت-ئايەمدە خەنزۇلارمۇ مەسچىتكە ماي ۋە ئۇن قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ بەرگەن، مەسچىتنى رېمونت قىلىش ۋاقتىدا خەنزۇلارمۇ ئىختىيارىي ھالدا پۇل ئىئانە قىلغان.

كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىيات يارىتىلغان. ئىلگىرى كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كەنتتە توي-تۆكۈن ئىشلىرىدا ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، مېھمان چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن، بەزى ياشلار ھەتتا ھاراق ئىچكەن. مەسچىت بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشەببۇسنامە ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق "تويىنى ئاددىي قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم" تۈزگەن. بۇ كېلىشىم: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن، تويدا قىز-يىگىت تەرەپ سوغا قوبۇل قىلماسلىقى، شەكلى ئۆزگەرگەن نىكا سودىسى قىلماسلىقى كېرەك، ھەددىدىن زىيادە تويلۇق تەلەپ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ نىكا ئىشلىرىنى ئاددىي ئېلىپ بېرىش، زىياپەت ئۆتكۈزمەسلىك لازىم؛ توي مۇراسىمى مەدەنىيەتلىك، ئاددىي ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم؛ يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا تەنقىد-تەربىيە بېرىلىدۇ ياكى ئۇلار لايىغىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى توي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىشىپ بېرىدۇ ھەمدە تويغا ئاتاپ ھەقسىز كىنو قويۇپ بېرىدۇ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كېلىشىم يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، توي ئىشلىرىدا ھەشەمەتچىلىك قىلىش شامىلى ئاساسەن توسۇۋېلىنغان.

ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئىنتايىن ئىناق ئۆتكەن. ئارمىيە خەلقنى سۆيگەن، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلغان، ئارمىيە بىلەن خەلق بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇناسىۋەت ئورناتقان. 1983-يىلى مەسچىتنى رېمونت قىلىش ۋاقتىدا، ئازادلىق ئارمىيە مەسچىت ئىچىدىكى نۇرغۇن قاتتىق-قۇرۇق نەرسىلەرنى ۋە ئەخلەتنى تازىلىشىپ بەرگەن ھەمدە خانىقانى سىرلاپ بەرگەن؛ يەنە مەسچىتنىڭ ئۆز كىرىمى ئارقىلىق ئۆزىنى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن ۋە تۆت مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى

دۇخۇپكىدىن بىرنى سوغا قىلغان. جامائەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قىسمىدىن مەسچىتكە ئاتاپ ئۈچ نۇسخا گېزىت يازدۇرۇپ بەرگەن ھەمدە گېزىت جازىسى ياساتىپ بەرگەن.

مەسچىتتىكى ئاخۇنۇملار قىسمىغا بېرىپ دەرس سۆزلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. قىسمىغا ھەر نۆۋەت يېڭى ئەسكەرلەر بۆلۈنۈپ كەلگەندە، ئاخۇنۇملا تەكلىپكە ئاساسەن يېڭى جەڭچىلەرگە پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتى، كەنت تارىخىي قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس سۆزلەپ بەرگەن؛ يېڭى جەڭچىلەر كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەسچىتتىن داۋالاش تېخنىكىسى بار كىشلەرنى ئەۋەتىپ داۋالىغان؛ كۆكتات تېرىشنى بىلمەيدىغان بەزى ئەسكەرلەرگە مەھەللىدىكى جامائەتلەر ئۆزلۈكىدىن بېرىپ كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويغان ھەمدە ئۇلارغا كۆكتات ئۇرۇقى بەرگەن. ئازادلىق ئارمىيە بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغدىغاچقا، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي رايوننىڭ كۆپ قېتىم ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، چاۋياڭ رايونى جاڭيىڭ مەسچىتى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ "كارخانىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مەسچىتنى مەسچىتنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىنلەش" تەجرىبىسى ۋە چۇڭگۈەن رايونى خۇاشى مەسچىتى مەسچىتنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش ھەيئىتى قاتارلىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرىنىڭ "مىللىي بالىلار مائارىپى ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، ئافرىقىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ۋە لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى قەھرىمانلاردىن ھال سوراش" تەجرىبىسىگە ئوخشاش تەجرىبىلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(لى ئېنشۈي)

---

(بېشى 27 ـ بەتتە)

قىلىش. ئىسلام ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈش، قىزغىنلىق بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشلەش، ئىستىلى توغرا بولۇش، دېموكراتىك ۋە ئادىل ئىش قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا، «نىزامنامە»دە يەنە ھەرقايسى مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بۇ نىزامنامىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت پرىنسىپلارنى تۈزۈپ، ئىجرا قىلىسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

بۇ قېتىمقى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جياڭ لىشۈن «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ئۈستىدە سۆز قىلدى: يىغىندا يېڭ نيەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى، ئۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە باش كاتىپى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا نەتىجە ياراتتى

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشكەچكە، شەھىرىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار مەركەزنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىنىمۇ، ۋەتىنىنىمۇ سۆيۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نەتىجە ياراتتى.

1. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇملۇقنى تونۇپ، ئىتتىپاقلىقتا باشلامچى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئامانلىقى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كاپالىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولسا شىنجاڭدا بىرىنچى دەرىجىلىك زور ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىنچ-سىياسىي ۋەزىيەتكە ئىگە قىلىش دىنىي زاتلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى بولدى. شەھىرىمىزدە مىللەتلەر تەركىبى كۆپ، دىن كۆپ، دىنىي مەزھەپلەرمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشمايدىغان، ھەرقايسى دىن ۋە دىنىي مەزھەبلەر باردى-كەلدى قىلىشمايدىغان، بىر-بىرىنى ئەيىبلىشىدىغان، چىقىشالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دىنىي زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمانلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ھارماي-تالماي ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر، دىنىي مەزھەبلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى. ھازىر ھەر ھېيت-بايرامدا، چوڭ-چوڭ پائالىيەتلەردە ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار مىللەت ۋە دىنىي مەزھەب ئايرىماي، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر-بىرىگە يول قويىدىغان بولدى، بىر-بىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان، بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە بىر-بىرىنى ئەيىبلەيدىغان ئەھۋال تۈگىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق كۆپەيدى، بىرنەچچە مىللەت ۋە بىرنەچچە دىنىي مەزھەب بىرلىكتە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋال ھەممىلا جايدا ئۇچرايدىغان بولدى. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەبلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان مەسچىتلەردە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى سەيۋۇپو مەسچىتىدە، تۇدۇنخې دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى غەربىي

مەسچىتتە، تيانشيان رايونىدىكى خېجۇ مەسچىتىدە ئىتتىپاقلىق كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ، ئاممىنىڭ كۆڭلى ئازادە بولماقتا. دىنىي ساھەدىكىلەر دىنىي مەزھەب مەسىلىسىدە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى دىن ۋە ھەرقايسى مەزھەبلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى پەش قىلمىدى، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئاچمىدى، ئۆزلىرى ئۆلگە كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقلىقتا باشلامچى بولدى. دىنىي ساھەدىكىلەر جۈمە نامىزىغا ئوخشاش پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، دىنىي قائىدىلەر ۋە ئەقىدىلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئاممىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەبلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىغا ئىش بېجىرگەن ۋە ئىشلار ئۈستىدە ئويلانغاندا ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلىش، ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز ۋە ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەردى. 1986-يىل 6-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا دۇئا قىلىش مۇراسىمىدا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار مۇسۇلمانلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى. دىنىي زاتلار ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىگەچكە، دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، مىللەتلەر ئارا، دىنلار ئارا ۋە دىنىي مەزھەبلەر ئارا ئىناق ئۆتىدىغان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى شەھىرىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىپ بېرىپ، ئاكتىپ رول ئوينىدى.

2. دىنىي ساھەدىكى زاتلار باشلامچىلىق بىلەن مەبلەغ توپلاپ، پاي قوشۇپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي گەۋدە بەرپا قىلىپ، بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە كۈچ چىقاردى. 1984-يىلى شەھىرىمىز باشقا ئۆلكىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، كوللېكتىپنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تەشكىلاتى — مۇسۇلمانلار پاي فوندى ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرغان ئىدى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ شىركەتكە 350 ئائىلىلىك مۇسۇلمان 530 مىڭ يۈەن پاي قوشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتلار جۈملىدىن شىركەت مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن 120 ئائىلە 210 مىڭ يۈەن پاي قوشتى، بۇ پاي قوشقان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 34.2 پىرسەنتىنى، پاي فوندىنىڭ 39.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىركەت قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۈچ ماگىزىن، بىر ئاشخانا، بىر مېھمانخانا ھەمدە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىرلەشمە ترانسپورت ئەترىتىگە ئوخشاش كوللېكتىپ كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشتىن 104 نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، دۆلەتكە 44 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق باج تاپشۇردى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەمئىيەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، بەزى مەسچىتلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى.

3. قىينچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشتى. 1985-يىلى ئاپتونوم رايون

www.uyghurkitap.com

"مەجرۇھلار پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى"نى قۇردى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇنىڭ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بۇ جەمئىيەتكە كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئىئانە بېرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، ھەرقايسى مەسچىتلەر ئىككى مىڭ يۈەن ئىئانە يىغىپ، بۇ جەمئىيەتكە ياردەم بەردى.

1985 ـ يىلى، ئۈلۈغچات ناھىيىسى بىلەن كونىشەر ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، بۇ يەردىكى خەلقنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى. يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئاخۇنۇملار: "بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز" دېيىشتى. يىغىندىن كېيىن، ھەرقايسى مەسچىتلەر بەس ـ بەستە ئىئانە توپلاپ، جەمئىي بىر مىڭ يۈەن پۇل يىغىپ بەردى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشچىلىقىدا، باشقا دىنىي تەشكىلاتلارمۇ بەس ـ بەستە ئىئانە توپلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە دائىم غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بەردى. بۇنىڭغا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇ پائالىيەتلەر دىنىي زاتلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

4. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن كۈچ قوشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىدىن ئىبارەت ئومۇملۇقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. دىنىي زاتلار باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەش، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش مەقسىتىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارغا دائىم سىياسەت ۋە ئەمىر ـ پەرمانلارنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا يېتەكلىدى. 1985 ـ يىلى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا بىر مۇنچە ئازسانلىق مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلىرى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روزى ھېيت ھارپىسىدا، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بىر نەچچە ئون ئاخۇنۇم شەھەر رايونىغا يىراق بولغان ئۇلانباي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا بېرىپ، تەربىيىچى ساقچى ـ كادىرلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ئازغان ياشلارنى يوقلىدى. شىرىپجان داموللام بىلەن مائەنتەي ئاخۇنۇم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارغا "پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يامان ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى ئىش قىلىپ، يېڭى ئادەم بولۇڭلار" دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇلار ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارغا پارتىيىنىڭ سىياسىتى، ئادەم بولۇشنىڭ يولى، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئۈستىدە سۆزلىدى. بۇ يىل، ئىسلام جەمئىيىتى يەنە دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئەۋەتتى، ئۇلار دوكلاد بېرىش، ئايرىم سىردىشىش ئارقىلىق، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارغا تەربىيە بەردى. سايباغ رايونى تەشكىللىگەن دىنىي زاتلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ غەربىي تاغ تاش چېقىش مەيدانىغا بېرىپ، تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈ-

لۇۋاتقانلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارغا سىياسەتنى سۆزلىدى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتەشنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئادەتلىرىنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

دىنىي زاتلارنىڭ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىشلىشى دىنىي زاتلارنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، بۇ خىزمەتلەر ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

5. مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىر نەچچە يىل قايتا-قايتا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان تونۇشى ئۆستى ھەمدە ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغانلىقىدىن بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن دىنىي زاتلار جۈمە نامىزى ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىشكە چاقىردى. بەزى دىنىي زاتلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەسىلەن، شىرنىچان داموللامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ: جىن روگۇي ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىستە ئوقۇماي، مەكتەپتە ئوقۇغان ئوغلى 1984-يىلى داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. جىن روگۇي ئاخۇنۇم: «مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش ھەققىي ئىستىقبالدۇر. ئۆزەم ھەرقانچە قىيىنچىلىقتا قالساممۇ بالامنىڭ ئوقۇشىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمايمەن» دېدى. 1985-يىلى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ھارپىسىدا، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەر ئاخۇنۇملارنى باشلاپ ئىككى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يەتتە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى. ئوقۇتقۇچىلار خۇشال ھالدا: «بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭمۇ مائارىپ ئىشلىرىغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز»، «بىز دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، مائارىپ ئىشلىرىنى جەزمەن ئوبدان يولغا قويۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز» دېيىشتى، دىنىي زاتلار ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سوراش بىلەن بىرگە، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى كۆرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەتەننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ساغلاپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىغا كۆيۈنۈش قىزغىنلىقى ئۇرغىدى، شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى بىر قېتىم جانلىق تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

مۇسۇلمانلار شىركىتى ئازسانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە، 1985-يىلى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ كەسپىي

ئۆگىنىش كۇرسىنى ئېچىپ، سودا بوغالتىرلىقى، سانائەت بوغالتىرلىقى، بالا تەربىيىلەش، مېھمانخانا مۇلازىمەتچىلىكى، تىكىمچىلىك، ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە جەمئىي 212 تېخنىك يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

6. ئۆزلىرىنىڭ شەرت-شارائىتىغا ئاساسەن، پەيدىنپەي ئۆز-ئۆزىنى بېقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئاممىنىڭ بېقىشىغا تايىنىۋالماي، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى بېقىش يولىغا مېڭىشى زور كۆپ سانلىق دىنىي زاتلارنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي زاتلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بېقىش ئىشىدا خېلى ئوبدان ئىلگىرىلەشلەر بولدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئېرگۈك يېزىسىنىڭ جۇگېگۇك مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياك جېڭخۇي پائال چارە-تەدبىر ئىزدەپ، بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ بىر ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوغلىنى شوپۇر قىلىپ، كىراكەش كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالغان. 1-ماي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تۇتۇنخې مەسچىتىنىڭ ئىمامى خې بىنجېن ئۆزى تۇتۇش قىلىپ ئۇن تارتىش كارخانىسى قۇرۇپ، ئىككى بالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى تاپتى، ئۇ ئۆزىمۇ ئەمگەككە قاتناشتى، ئۇلار ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەش، ئۇن تارتىش ئارقىلىق ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، ئۇلار ھازىر 1-ماي يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ ئۇن تارتىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، ھەركۈنى بىر تونىنا ئۇن تارتىدۇ. ئۇ يەنە ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ مەسچىت قوروسىغا دەل-دەرەخ تىكىپ، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئۆزىنى بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سايباغ رايونىدىكى نۇرقارىم مىللىي دورىخانا ئاچتى، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم تۇرلۇك ماللار دۇكىنى ئاچتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئۆزىنى بېقىشنىڭ نەمۇنىلىرىدۇر. ھازىر شەھىرىمىزدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 40 ئائىلە، 3-كەسىپنى يولغا قويۇپ، ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، مېھمانخانا، تۇرلۇك ماللار دۇكىنى، باققاللىق دۇكىنى مىللىي دورىخانا قاتارلىقلارنى ئېچىپ سودا ئىشلىرىنى يولغا قويغانلار 30 ئائىلە، پىششىقلاپ ئىشلەشنى يولغا قويغانلار 10 ئائىلە، باقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 15 ئائىلە بولۇپ، بۇلار شەھەر بويىچە ئۆز-ئۆزىنى بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلارنىڭ 42 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەھىرىمىزدە يەنە بەزى مەسچىتلەر مەسچىت قوروسىدىكى بىكار ئۆيلەردىن پايدىلىنىپ مېھمانخانا، ماگىزىن ئېچىش ۋە ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسچىتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى. يېزىلاردىكى بەزى مەسچىتلەر بىكار يەرلەردىن پايدىلىنىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە مايلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ئارقىلىق ئۆز كىرىمىنى كۆپەيتتى. دىنىي زاتلار ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تۆھپە قوشتى.

# لىڭخۇ ناھىيىسىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشتى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭخۇ ناھىيىسىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 150 مەسچىتتىكى ئاخۇنۇملار ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش، پىلانلىق تۇغۇت، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، مىللىي مائارىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى، مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپە يارىتىپ، نۇرغۇن مەسچىت ۋە ئاخۇنلار ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1986 ـ يىلدىن بۇيان، ئۇلار يەنە قانۇنغا دائىر ساۋادلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش جەھەتلىرىدە يېڭى تۆھپە يارىتىپ، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى.

قانۇنغا دائىر ساۋادنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاخۇنۇملار ئۆگىنىشكە پائال قاتناشتى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدە ئېچىلغان مەخسۇس ئۆگىنىش كۇرسىدا قانۇنغا دائىر ساۋاد توغرىسىدا يىغىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت، يەنە تىپىك ئەنزىلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر ئايدا ھەرقايسى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆگىنىش كۈنىدە ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق كۆزقارىشى كۈچەيتىلىپ، دىنىي پائالىيەتنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە نورمال ئېلىپ بېرىش ئاڭلىقلىقى ئۆستى. ھازىر ناھىيە بويىچە مەسچىتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى نورمال بولدى، ھەرقايسى دىنىي مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق يەنىمۇ كۈچەيدى. خاۋجياچياۋ يېزىسى شېنجياخۇ جامەسىنىڭ ئىمامى ماجۈگلى ئۆزى پۇل چىقىرىپ گېزىتكە مۇشتىرى بولغان، ئۇ گېزىتنى ئۆزى ئۆگىنىپلا قالماي، باشقا تالىپلارنىمۇ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ: "دىنىي قانۇن دۆلەت قانۇنىغا بوي سۇنۇشى كېرەك، بىز دىنىي پائالىيەتلەردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم" دېگەن. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاخۇنلار ئۆزلىرى قانۇننى ئۆگىنىش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى كەڭ مۇسۇلمانلارغىمۇ قانۇنغا دائىر ساۋادنى پائال تەشۋىق قىلدى. سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھەرقايسى يېزا، بازار مەسچىتلىرىدە ھېيت نامىزى ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ 7791 قېتىم تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان، بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ سانى 282 مىڭ 45 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ئاخۇنۇملار دۆلەت قانۇنىنى دىنىي قانۇنغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەچكە، ئۈنۈمى ئوبدان بولغان. ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى شۇكى، ناھىيە بويىچە خۇيزۇلار توپلىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراقلاشقان سەككىز يېزا-بازارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلانغان، ئىلگىرى خويزۇلار، رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى خەنزۇلار رايونىنىڭكىگە يەتمەيتتى، ھازىر خەنزۇلار رايونىنىڭكىدىن ياخشىلىنىپ كەتتى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 61 ى توغۇلغان بولۇپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى 67 قېتىمغا قارىغاندا توققۇز پىرسەنت تۆۋەنلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە خويزۇلار رايونىدا پەقەت 16 ئەنزە توغۇلغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە يۈز بەرگەن ئومۇمىي ئەنزىنىڭ 24.9 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلغان، بۇ ئۆتكەن يىلى شۇ مەزگىلدە توغۇلغان 18 ئەنزىدىن 12 پىرسەنت ئاز بولغان. مەسىلەن، خويزۇلار 99.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋۇلىپۇ يېزىسىدا بۇ يىل بىر قېتىملا ئەنزە بەرگەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئىككىسى ئازايغان.

ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆتكەن يىلى چوڭشىڭ بازىرىدىكى تەيزى جامەسى، چوڭشىڭ جامەسى، خاۋجياچياۋ يېزىسىدىكى شېنجياخۇ جامەسى، خاۋجياچياۋ جامەسى، دۇمۇچياۋ يېزىسىدىكى دۇجياتەن جامەسى قاتارلىق جامەلەر مەسچىتتىكى ئارتۇق ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بەردى. 1986-يىلى ھەرقايسى مەسچىتلەر دۆلەتكە 683 مىڭ 935 جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 332 مىڭ 735 جىڭ، گۈرۈچ 12 مىڭ 100 جىڭ، شال 339 مىڭ 100 جىڭ.

(ماتىڭشيەن)

## جىنلىڭ بازار مەسچىتى ۋە خۇڭشەن مەسچىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى

زىبو شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسى ۋە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى يېقىندا شەھەر بويىچە كاتولىك دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان 10 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، "سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى بولۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇشتا ياخشى بولۇش، مالىيىنى باشقۇرۇشتا ياخشى بولۇش، ئىتتىپاقلىق-ھەمكارلىقتا ياخشى بولۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ياخشى بولۇش" قاتارلىق بەش شەرتكە ئاساسەن، پۈتۈن شەھەردىكى ئېچىۋېتىلگەن چېركاۋ ۋە مەسچىتلەرنى تەكشۈردى ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالىدى. لىنزى رايونىدىكى جىنلىڭ خويزۇ بازىرى مەسچىتى بىلەن زىچۇەن رايونىدىكى خۇڭشەن مەسچىتى دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى زىبو شەھەرلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بۇ ئىككى مەسچىتكە تەقدىرنامە بەردى.

(ياڭ يى، جاڭ يى)

# جېڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى «قارار»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» يېڭى تارىخىي دەۋردە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدىكى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جېڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى شەھەردىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاخۇنلار، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ 40 كىشىنى يىغىپ تۆت كۈن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ ۋاقتى قىسقا، مەزمۇنى مول، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ تولىسىنىڭ يېشى چوڭ بولسىمۇ، ئۇلار بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دىنىي تۇرمۇشنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆگىنىشكە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۆگىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ يېشى چوڭ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قاراپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھۆججەت ئوقۇش، گۇرۇپپىدا مۇزاكىرە قىلىش ۋە دوكلات بېرىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۆگىنىش داۋامىدا كۆپچىلىك ئاكتىپ پىكىر بايان قىلىپ، ئۆز قارىشىنى سۆزلىدى، ئۆگىنىش كەيپىياتى قىزغىن بولدى، تونۇشنى بىرلىكتە ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى.

ھۆججەت ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇش ئۆستى، كۆپچىلىكنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان ئىشەنچى ئاشتى. شياۋلۇ مەسچىتىدىكى مەي رۇڭشى ئاخۇن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئۆزىگە خاس ئەخلاققا ئىگە. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشى لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «قارارى» دانا ھەل قىلغۇچ تەدبىر ھېسابلىنىدۇ." بېيداسى مەسچىتىنىڭ مۇدىرى ما فۇلەي مۇنداق دېدى: "ماددىي مەدەنىيەت راۋاجلانغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئىش بىلەن كارى بولماي، ھەممە ئىشتا پۇلنى كۆزلەپ، ھەتتا قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە زىيان كەلتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش سوتسىيالىزمنىڭ گۈللىنىشى ياكى زەئىپلىشىشىگە، غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش دېيىمىز، بۇ «قارار» دەل ۋاقتىدا چىقىرىلدى." نيۇجەي مەسچىتىدىكى لى جۇڭچيەن ئاخۇن مۇنداق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

دېدى: "بىز مۇسۇلمانلار ئادەم تەربىيىلەشتە ئەڭ مۇھىمى ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىشىمىز يەنە دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماي، ھەرقايسى سەپلەرنىڭمۇ ۋەزىپىسى. بىز ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش يولىدا ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق بولغان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت." شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىي كېلياڭ ئاخۇنۇم مۇنداق دېدى: "بىزنىڭ ھازىر ئاخۇن بولۇشىمىز 50-يىللاردىكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، سىياسەت، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يېڭى شەيئىلەرنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىپ، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك."

(جېڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «قارار»نى ئۆگەندى

1986-يىل 10-يىنىڭ 23-كۈنى، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگەندى. سۆھبەت يىغىنىغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مىللىي-دىنىي ساھەدىكى زاتلار قاتناشتى.

كۆپچىلىك ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئىسلام جەمئىيىتى «قارار» نى ئۆگىنىشكە ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش داۋامىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پائال تۈردە "5"نى سۆيۈش ۋە قانۇنلارنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇش، مىللەتنىڭ ۋە دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئوت-گىيا تېرىش، كۆچەت تىكىش، نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىش، ئىقتىسات قىلىشنى كەڭ يولغا قويۇش، كونا ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىش ۋە توي ئىشلىرىنى ئىخچام بېجىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم، شۇنداق قىلىپ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتەك تارىخىي ئېقىمغا ئۇيغۇنلىشىپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆلكىمىزدىكى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

# نىڭشيالىق ئاخۇنۇملار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى توغرىسىدا

خەن كې

ئۆتكەن يىلى گۈزەل كۈز پەسلىدە، گوۋۇيۇەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، نىڭشيالىق ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭ، تيەنجىن ۋە شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش قىلدى. مەنمۇ بۇ ئۆمەكنىڭ ھەمراسى سۈپىتىدە ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئېكىسكۇرسىيىگە چىقتىم.

بۇ ئۆمەكتە 34 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى مەسچىتتىكى ئاخۇنۇملار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 55.7 ياش بولۇپ، 60 ياشتىن ئاشقانلار 14 كىشى، 59 ياشتىن تۆۋەنلەر 20 كىشى ئىدى. ئۆمەك باشلىقى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇ يىلەن ئاخۇنۇم. ئۆمەكتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم نىڭشيادىن ئايرىلىپ يىراق جايلارغا ئېكىسكۇرسىيىگە چىقىشى ئىكەن. شۇڭا، يول بويى كۆپچىلىكنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلى ئازادە بولدى، ئۇلار دىنىي پەرزلەرنى باشتىن-ئاخىر ئادا قىلىپ ماڭدى.

ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ جايلاردىكى پائالىيىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ۋە مول نەتىجىلىك بولدى. ئاخۇنۇملار ئەسلىدە نىڭشيادىن ياخشى جاي بولمىسا كېرەك دەپ قارىغان ئىكەن. بۇ قېتىم ئۇلار ئۈچ مىڭ چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، تۆت ئۆلكە، ئىككى شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەشھۇر قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە سەيلى-ساياھەت قىلىپ، كۆز خۇمارىنى راسا چىقىرىۋالدى. يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، ئۇلاردا ھەممىدىن ئاۋال ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلار بېيجىڭدا بولغان مەزگىلدە سەددىچىن سېپىلى، خان سارىيى، يىخېيۇەن باغچىسىنى ساياھەت قىلدى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، خەلق سارىيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، مەرھۇم ماۋجۇشىنىڭ جەسىتىنى كۆردى، دۇڭسى مەسچىتى ۋە نيۇجيې مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى ئاخۇنۇملار ۋە جامائەت بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە نيۇجيې مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇدى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گوۋۇيۇەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ھەممەيلەننى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا زىياپەت بەردى، بۇنىڭدىن ئۆمەكتىكى ھەممەيلەن ئىنتايىن مېھرىۋانلىق ھېس قىلدى. تيەنجىندە بولغان مەزگىلدە ئۇلار شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە قەدىمىي مەدەنىيەت كوچىسى، يېمەكلىكلەر كوچىسى ۋە "ئوتتۇرا ئايلانما يول" قاتارلىقلارنى ساياھەت قىلدى. بۇ يول شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول بولۇپ، تيەنجىن شەھىرىنىڭ لۇەنخې دەرياسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيىنى تيەنجىنگە باشلاش قۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ قۇرۇلۇش ئىدى. ئاخۇنۇملار
يەنە جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ خاتىرە سارىيىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ خاتىرە سارايغا يولداش
جۇ ئېنلەينىڭ 1913-يىلىدىن بۇيانقى ئىش ئىزلىرىغا دائىر سۈرەت ۋە خاتىرە بۇيۇملار
قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئەينى يىللاردىكى ساۋاقدىشى ۋە
سەپدىشى خۇيزۇ ئىنقىلابىي قۇربان ياش ما جۈننىڭ ئىش ئىزلىرىغا دائىر خاتىرە بۇيۇملارمۇ بار
ئىدى. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە كۆپچىلىكتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، ھەممەيلەن جۇڭگو
ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خۇيزۇ ۋە خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى
ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.
9-ئاينىڭ 4-كۈنى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تيەنجىندىكى شىنگاڭ پورتىدىن پاراخوتقا چۈشۈپ
يەنتەيگە ماڭدى، ئۆمەكتىكى ھەممە كىشى ئىنتايىن خۇشال ئىدى، غەربىي شىمالدىن كەلگەن
ئاخۇنۇملارنىڭ ھەممىسى دېڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋە پاراخوتقا تۇنجى قېتىم ئولتۇرغان
بولغاچقا، چۈشتىن كېيىن ئاساسەن دېگۈدەك ھەممەيلەن پاراخوتنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە تۇرۇۋېلىپ
دېڭىز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. يەنتەيدە، ئۆمەكتىكىلەر مەخسۇس دۆلەت رەھبەرلىرىنى
كۈتۈۋالىدىغان ئالىي مېھمانخانا — شەندۇڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە مەخسۇس
مۇسۇلمان ئاشپەز تەكلىپ قىلىنىپ، تاماقتا يېپيېڭى مۇسۇلمانچە قاچا-قۇچىلار ئىشلىتىلگەن
چاغدا، ئۇلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا: "پارتىيىنىڭ سىياسىتى قالتىس ياخشى!" دېيىشتى.
ئۇلار يەنجۇدا ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ
ھەمراھلىقىدا، ئىككى يېرىم كۈن ۋاقىتتا، شەندۇڭدىكى گۆھەر — كوڭزىنىڭ تۇرار جايى، كوڭزى
ئىبادەتخانىسى ۋە كوڭزى قەبرىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ
كەڭ، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ ياخشى ساقلانغان فېئودالىزم دەۋرىدىن قېپقالغان تۇرار جاي،
ئىبادەتخانا ۋە قەبرىستانلىق ئىدى. كۆپچىلىك مەملىكىتىمىزنىڭ پارلاق قەدىمىي مەدەنىيىتى
بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتى. ئۆمەك باشلىقى مۇ يىلەن ئاخۇنۇم: ئىلگىرى كوڭزىنىڭ
بىر ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئانچە بىلمەيتتۇق دېدى.
قىزغىن ساھىپخان مېھمانلارنى جەنۇبىي شەندۇڭدىكى مۇھىم شەھەر جىنىڭ شەھىرىدىكى
جامەدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جامە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
سېلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، قەدىمىي قانالغا قاراپ تۇرىدىكەن، جامەنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ھەيۋەت-
لىك ۋە ساددا ئىكەن، ھۆكۈمەت بۇ جامەنى پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇرۇپ يېپيېڭى تۈسكە
كەلتۈرۈپتۇ؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق چاڭ جىمېي ئاخۇنۇم مۇشۇ مەسچىتتە
ئىمام بولغان ئىكەن. 9-ئاينىڭ 14-كۈنى پۈتۈن كۈن تەيشەن تېغىدا بولدۇق. ئېكسكۇرسىيە
ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئوبدان كۆرۈشى، ئوبدان دەم ئېلىشى ئۈچۈن، تەيئەن شەھىرىنىڭ باشلىقى
ئۆمەك ئۈچۈن ماشىنا ئارقىلىق تاغ باغرىدىكى يول بىلەن "جۇڭتيەنمېن" ئاسما يولىنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئالاھىدە يول خېتى بەردى، شەھەر باشلىقى بۇ
يەردىكى مېھمانلارنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدە ھەممەيلەننى كۈتۈۋالدى، ئۇ كۆپچىلىككە چاي

كەلتۈردى ھەمدە ھەر بىر كىشىگە بىردىن ساياھەت خالتىسى — تەيشەن تېغى ساياھەت خەرىتىسىنى خاتىرە ئۈچۈن سوغا قىلدى، ئۆمەكتىكىلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئاسما ھاراۋىغا ۋە ئاسما يولغا چىقاردى، "تيەننەنمېن"غا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. 76 ياشلىق مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى لەن فېڭجېن ئاخۇنۇممۇ يول يۈرۈشتە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالمىدى، تاققا چىقىشتا ھاردىم دېمىدى، ھەتتا ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن بىرگە تەيشەن تېغىنىڭ چوققىسى — يۈخۇاڭدىڭ چوققىسىغا چىقتى. كۆپچىلىك تەيشەن تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل قىياپىتىگە ھەيران قالدى. جىنەندە ئۆمەكتىكىلەر دامىڭخۇ كۆلى، باۋتۇچۈەن بۇلىقى، خېيخۇچۈەن بۇلىقى، ۋەنجۇيۈەن باغچىسى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىنى سەيلە قىلدى، ئاپتوموبىل باش زاۋۇتى، دېزىل ماشىنىسى زاۋۇتى، خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە خۇاڭخې دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. جىنەن خۇاڭخې كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، قۇرۇلمىسى ئاجايىپ، ئۇنىڭ غول سۇنگۇچىنىڭ كەڭلىكى 200 مېتىر بولۇپ، بۇ كۆۋرۈك ھازىر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە يەتتىنچى ئورۇندا، ئاسىيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تاشيول كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدىكەن. شەندۇڭ ئۆلكىسى ئۆزى لايىھىلەپ، ئۆزى ياسىغان بۇ كۆۋرۈك دۆلەت تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك لايىھە مۇكاپاتى ۋە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپتۇ. ئاخۇنۇملار كۆۋرۈك ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن زىياپەت ئۆتكۈزگەندە، مېھمانلار بىلەن ساھىپخان سۆز قىلىپ، شەندۇڭ ۋە نىڭشىيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ خېلەنشەن تېغى بىلەن تەيشەن تېغىغا ئوخشاش ياشىرىپ تۇرۇشىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ نىڭشىيا بىلەن شەندۇڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇشىنى تىلىدى. ئۆمەكتىكىلەر بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە ئارقىلىق بىر نۆۋەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلاھاتقا دائىر ئەھۋاللارنى يەنىمۇ بىلىۋالدى ۋە تونۇپ يەتتى. نىڭشىيا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى ئاخۇنۇملارنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك نىڭشىيانىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى سىرت بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان قالاق تاغلىق رايوندىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇلار ئىسلاھاتنى كۆپىنچە ئۆز جايىدىكى تار دائىرىگە باغلاپ تونۇغان. بەزى ئاخۇنۇملار قىسمەن كىشىلەرنىڭ ناتوغرا ۋاستىلەر بىلەن بېيىغانلىقى، كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش چوڭ بولمىغانلىقىدەك ئەھۋاللارغا باشقىچە قاراشتا بولغان، ئىسلاھات كوللېكتىپنى بېيىتىدىغان سوتسىيالىزم يولىغا ماڭالامدۇ-يوق دېگەن مەسىلىگە گۇمان بىلەن قارىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر ئىسلاھاتى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان. شۇڭا، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر مەنزىرىسى گۈزەل جايلارنى سەيلى قىلىشقا قىزىقىش بىلەن بىرگە، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا دائىر ئىشلارنىمۇ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا خېلى قىزىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىم تيەنجىندە ۋۇچىڭ ناھىيىسىدىكى خېشۇۋ يېزىسىنىڭ جۇياڭجۇاڭ كەنتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئۆمەكتىكىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. بۇ مەھەللىدە خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خۇيزۇلار 52 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن، بۇ كەنت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن كوللېكتىپ بېيىغان تىپ ئىكەن. بۇ كەنتتە كىشى بېشىغا بىر مودىن يەر توغرا كېلىدىغان بولۇپ، 1985 ـ يىلى كىشى بېشىغا 1063 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان، سانائەت ـ قوشۇمچە كەسىپتىن كىشى بېشىغا بىر مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنغان، سانائەت جۇغلانمىسىمۇ بەش مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇ كەنتتە كەنت باشقۇرغان زاۋۇتتىن ئالتىسى بار بولۇپ، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان قوي يۇڭى پوپايكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئۆمەكتىكىلەر بۇ زاۋۇتلارنى، كەسپىي ئائىلىلەر ۋە دېھقانلار ئائىلىسىنى ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۇلارغا تەپسىلىي تۈردە تەجرىبە تونۇشتۇردى، ئۆمەكتىكىلەر بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنتەيدە جياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى مەرۋايىت دەپ ئاتالغان موپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىگوەن كەنتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ كەنت يېزا ئىگىلىكى، سودا ـ سانائەتنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يولىغا مېڭىپ بېيىغان تىپىك جاي بولۇپ، مەملىكەت بويىچە داڭ چىقارغان ئىكەن. پۈتۈن كەنت 20 يېزا ئىگىلىكى، سودا ـ سانائەت كارخانىسىدىن تەركىپ تېپىپتۇ، 1985 ـ يىلى كەنت بويىچە جامائەت جۇغلانمىسى 30 مىليون يۈەنگە يېتىپتۇ. دېھقانلارغا قارىتا ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپتۇ، كەنت بويىچە 500 ئائىلىنىڭ ھەممىسىدە رەڭلىك تېلېۋىزور، 200 ئائىلىدە مۇزلاتقۇ، 350 ئائىلىدە تېلېفون بار ئىكەن. كەنت باشقۇرغان يەسلى، باغچا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە باللار بىردەك ھەقسىز تەربىيىلىنىدىكەن. جامائەت پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرىدىن دوختۇرخانا، كۇتۇپخانا، كىنو ـ تىياتىرخانا، كۆلىمى سەككىز مىڭ كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان سۈنئىي كۆل، ئۈچ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، ئېلېكتر چىراقلىق توپ مەيدانى، گۈلخانا، فوتو سۈرەتخانا، شەيتان ئەينىكى ۋە مېھمانخانا قاتارلىقلار بار ئىكەن. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى كورپۇسلۇق بىنادا ئولتۇرىدىكەن، كەنتتىكى يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممىلا يەرنى بۈكباراقسانلىق قاپلاپ تۇرىدىكەن، پۈتۈن كەنت بەئەينى شەھەر باغچىسىغىلا ئوخشايدىكەن. بۇلاردىن كۆپچىلىك گۈزەل سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنىڭ جانلىق مەنزىرىسىنىڭ كۆز ئالدىدا مانا مەن دەپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى ئاخۇنۇملارنىڭ تولىسى "سول" چىل لۇشيەننىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن سورۇقچىلىق تارتقان، بەزىلىرى ئىلگىرى شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇللارغا قېچىپمۇ كەتكەن، بەزىلىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىدا ياتقان بولۇپ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئاقلانغان ئىكەن. بۇ قېتىم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىدىن پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى؛ ئۇلار بارغانلا يەردە ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا مۇئامىلە

قىلىنغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، ئۆزلىرىنى رەھبىرىي يولداشلار قوبۇل قىلغانلىقى ۋە زىياپەت بەرگەنلىكىدىن ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. گۇيۈەن ناھىيىسىدىن كەلگەن خەي جېڭفا ئاخۇنۇم ھاياجانلانغان ھالدا: "ھازىرقى ئاخۇنۇملارنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، تامىقىمىزنى گوۋۇيۈەن بەردى، مەرھۇم ماۋ جۇشىنىڭ چىرايىنى كۆردۇق. خەلق سارىيىنىمۇ ئايلىنىپ چىقتۇق،" دېدى. بەزى ئاخۇنۇملار: "بىز ھېچقانچە تۆھپە ياراتمىغان بولساقمۇ، شۇنچە ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق" دېيىشتى. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق، ئاخۇنۇملار جايلاردا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئۇلار 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، ئىگەللىۋېلىنغان مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى پەيدىنپەي قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ بۇ مەسچىتلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ بېرىش بىلەن، مۇسۇلمانلارنى نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى، ئىسلام دىنىدىلا شۇنداق قىلىنىپ قالماي، جايلاردىكى بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭمۇ رېمونت قىلىنىپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاخۇنۇملار يەنە بېيجىڭ، تيەنجىن، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئوقۇتۇش سىنىپلىرى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلدۈردى ۋە خۇشال بولدى.

تۆتىنچىدىن ئۆمەك ئەزالىرى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشقا دىققەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا يول قويۇپ، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتتى. ئاخۇنۇملار ئاپتونوم رايوننىڭ 16 ۋىلايەت، ناھىيىسىدىن كەلگەن، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بەش-ئالتە مەزھەپكە تەۋە. ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشانغانلار، ياشلار ئارىلاش بولسىمۇ، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئىناق ئۆتۈشتى. ھەممەيلەن ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلدى، بىرەر كىشىمۇ دىنىي مەزھىپى، كەلگەن جايى باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئالاھىدە بولۇۋالمىدى، ئىتتىپاقسىزلىق قىلمىدى. بىر ئايچە ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى داۋامىدا، ئاخۇنۇملار بىرگە ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بىرگە ناماز ئوقۇدى، نامازدا كىم ئىماملىق قىلىشقا توغرا كەلسە شۇ قىلىۋەردى، نامازنى ھەر كىم ئۆز مەزھىپىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئوقۇۋەردى. كۆپچىلىك ھەر قېتىم ماشىنىغا چىقىشتا ۋە چۈشۈشتە ئۆمەك باشلىقلىرىغا ۋە ياشانغانلارغا يول قويدى، پويىزدا ياشانغانلارغا ئاستىنقى ياتقۇنى ئۆتۈندى. كۆپچىلىك بىر-بىرىگە ياردەم بەردى، بىر-بىرىگە كۆيۈندى، ياشانغانلار ۋە ئاجىزلارغا قىزغىن ئېتىبار بەردى. مەسىلەن، خۇپىيە مەزھىبىدىكى سۇ يۈشياڭ ئاخۇنۇم زۇكام بولۇپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، قەدرىيە مەزھىبىدىن بولغان ياتاقدىشى ياڭ يۈجۇڭ ئاخۇنۇم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ۋە ئۇنىڭغا دوختۇر چاقىرىپ، دورا، تاماق ئەكىلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن سۇ يۈشياڭ ئاخۇنۇمنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. جەھرىيە مەزھىبىدىكى خۇاڭ بىڭشياڭ ئاخۇنۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەدىم مەزھىبىدىكى لەن فېڭجېن ئاخۇنۇمنىڭ يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئىناق، دوستانە ئۆتكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى مەزگىلىدە، بارلىق ئۆمەك ئەزالىرى ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلدى، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلدى، تازىلىققا رىئايە قىلدى، پائالىيەتلەردە سەپتىن چۈشۈپ قالمىدى، ئورۇنسىز رۇخسەت سورىمىدى. ئۆمەك ئەزالىرى ئۆمىكىمىزنىڭ ئېكسكۇرسىيە ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلالىغانلىقى ئۆمەكتىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق بولغانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېيىشتى.

پاكىت ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى ئارقىلىق نىڭشيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن ۋە شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن چاي زىياپەتلىرىدە ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى نىڭشيانىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە مىللىي-دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى قىزغىن تونۇشتۇردى، جايلاردىكى ئاخۇنۇملار ۋە مەھەللە جامائەتلىرى بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى. بارلىق ئۆمەك ئەزالىرى ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىدىن رازى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نىڭشيادىكى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلارغا قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشى دەپ قارىدى. ئۆمەك باشلىقى مۇ يىلەن ئاخۇنۇم ھەر قېتىملىق تەشەككۇر ئېيتىش سۆزىدە بۇنى قىزغىن تىلغا ئالدى. ئاخۇنۇملار جايلاردىكى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۇر ئېيتتى. ئۆمەكتىكى بارلىق خادىملار بىردەك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ "نامرات خۇيزۇلار" مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار تەرەققىيات شىركىتى قۇرغانلىقىنى ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنى چارە-ئاماللار بىلەن ھەل قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. نۇرغۇن ئاخۇنۇملار سەپەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرە يىغىنلىرىدا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىنى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا دائىر تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا بەزى مەسچىتلەرگە بىرمۇنچە خەتتاتلىق بۇيۇملىرى ۋە يېزىلغىنىغا ئۇزاق بولغان خەنزۇچە-ئەرەبچە بېغىشلىمىلارنىڭ، رەسىم ۋە دۇيلىيەن-لەرنىڭ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى، گۈل ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلار مەسچىتنى ئالاھىدە ئېسىل كۆرسىتىدىكەن، بۇ — باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، بۇ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىي-دىكەن دەپ ھېسابلىدى. مەن ھەمرا سۈپىتىدە ئېكسكۇرسىيىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرات ئالدىم. مەنمۇ ئاخۇنۇملارغا ئوخشاش: دىنىي ئىشلارنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ ئاجايىپ ياخشى ۋەزىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

# كىچىك مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامدىشى

جىلىن ئۆلكىسى يۇشۇ ناھىيىسىنىڭ ۋۇكېشۇ بازىرىدىكى مەسچىت سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدىكى يېزا بازىرىغا سېلىنغان كىچىك مەسچىت، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، بۇ مەسچىت رېمونت قىلىنىپ ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دىنىي پائالىيەت نورمال يولغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئىنتايىن خۇشال بولدى. لېكىن مەسچىتنىڭ دائىملىق خىراجىتىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ قالدى. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، زاۋۇت قۇرۇش ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن بېقىش يولىغا مېڭىشنى قارار قىلدى.

1982-يىلى ۋۇكېشۇ بازىرىدىكى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىت ئىچىدىكى ھازىرقى شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرگەن ھالدا بىر كىچىك جياڭيۇ زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇتقا پېنسىيىگە چىققان بىر خۇيزۇ ئۇستام تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان خۇيزۇ ياشلىرىدىن ئالتىسى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى. زاۋۇت باشقۇرۇش يۆنىلىشى توغرا بولۇپ، جياڭيۇنىڭ سۈپىتى پەيدىنپەي ئۆسكەنلىكتىن، بۇ زاۋۇت شۇ جايدىكى خۇيزۇلارنىڭ جياڭيۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يېزا بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇردى. ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زاۋۇت يەتتە ئېغىز قىش-كاھىشلىق ئۆي سېلىپ، ئىككى خېچىر قوشۇلىدىغان چوڭ ھارۋىدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەسچىت 14 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل توپلىدى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ۋۇكېشۇ مەسچىتى باشقۇرغان زاۋۇت مەسچىتنىڭ سۇ، توك، كۆمۈر، ئوتۇن خىراجەتلىرىنى، ئىشخانىغا لازىملىق نەرسىلەر ۋە باشقا نورمال چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، سەراپىنى باشقىدىن ياسىدى، مەسچىت خانىقاسىنىڭ چىراقلىرىنى يەڭگۈشلىدى. ئۇلار 1982-يىلدىن بۇيان، ئاممىدىن ئايلىق ۋە رامىزانلىق خىراجەت يىغماي، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ۋۇكېشۇ بازىرىدىكى مەسچىت ئۆزىنى زاۋۇت بىلەن قامداش يولىغا مېڭىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، بۇنىڭدا ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئىتتىپاقلاشقان، ئىشتا ئادىل بىر بەنزە بولغانلىقىدۇر. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ كۆپچىلىك ئەزاسى ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلار مەسچىتنى رېمونت قىلىش، زاۋۇت قۇرۇپ مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز باش قاتۇرۇپ، جان-دىلى بىلەن مەسچىت ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلماقتا. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرگەن ياخشى ئاخۇنۇم

## ——دۇڭشياڭزۇ ئاخۇنۇم ما جىنچېڭنى زىيارەت

گو چېڭشياڭ

ماجىنچېڭ ئاخۇنۇمنىڭ نۇرغۇن ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدىم. باش كۈزنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى بىز لىنشيا شەھىرىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، دۇڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ تىك كەلگەن تاغلىق رايونلىرىنى ئايلىنىپ، ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ دۇڭشياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى چۈنتەي يېزىسىنىڭ بېيجۇاڭ كەنتىدىكى ما جىنچېڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بويلۇق، ئاددى-ساددا كىشى بولۇپ، مۇلايىم، يېقىملىق كۆرۈنەتتى، گېپىمىزنىڭ تۈگۈنى ناھايىتى تېزلىكتىلا يېشىلدى.

ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم 59 ياش بولۇپ، 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىكەن. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا پائال كۈچ چىقىرىپ ۋە چارە-تەدبىر تېپىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى يولغا قويۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

دۇڭشياڭ ناھىيىسى چۈنتەي يېزىسىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، يوللىرى تىك، تەبىئىي شارائىتى ناچار ئىكەن، ئەتراپى 60 — 70 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىرلا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار يېقىن ئارىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغاچقا، مىللىي مائارىپ تەرەققىي قىلالماي كەلگەن ئىكەن. ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۆزىگە كۆتىرە بەرگەن يەردىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ مەكتەپ سېلىشقا ئىشلەتكەن ھەممە 2 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆز كەنتىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئىككى رەت بىناسى پۈتكەندىن كېيىنلا، 1984-يىلى قىش پەسلىدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، ھازىر بۇ مەكتەپتە

---

مۇدىرى ما چېڭ بىلەن بىرنەچچە خۇيزۇ يۇرت ئاقسا قىلىنىڭ مەسچىتنى رېمونت قىلىش ۋە زاۋۇت قۇرۇش جەريانىدا ئىش ھەققى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، جاپا چەكتىم دېمەي، جان كۆيدۈرۈپ، ئادىللىق بىلەن ئىشلەش پەزىلىتى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

(شا يۇنجۇڭ)

ئىككى ئوقۇتقۇچى، 76 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ 10نى قىز) بولۇپ، ئىككى سىنىپقا بۆلۈنگەن. ماجىنچېك ئاخۇنۇم مۇنداق دەيدۇ: "ھازىر جەمئىيىتىمىز كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، دۆلەتشياكىلىقلار مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ ئەمەس، ئاساسلىقى شارائىت ناچار." ئارقىدىنلا ئۇ يەنە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن: مەن مەكتەپنى كېڭەيتىپ، يەنە بىر رەت بىنا سالماقچى، توپ مەيدانى ياساتماقچى، تېلېۋىزور ۋە ئۈنئالغۇ قاتارلىقلارنى ئالماقچى بولۇۋاتىمەن، دېدى.

ماجىنچېك ئاخۇنۇمنىڭ يۇرتى بېيجۇاڭ كەنتى چەت بىر قورغاق رايون بولۇپ، تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، سۇ ئىچىش، ئوت تارتىش، توك ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار ئىكەن. 1979 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەرنى باشلاپ، 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتقان. بۇرۇن كىشىلەر ئوت تارتىش ئۈچۈن لىنشيانىڭ دۆڭچۇەن دېگەن يېرىگە بارىدىكەن، بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 80 چاقىرىم يول باسىدىكەن، بۇگۈنكى كۈندە بولسا كەنتتە توك تۈگمىنى ۋە ياغ تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىلغان، ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلېكتر چىراق ئورنىتىلغان، بۇنىڭ بىلەن شۇ كەنتنىڭلا توك ئىشلىتىش ۋە ئوت تارتىش مەسىلىسى ھەل بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېقىن ئەتراپتىكى لۈكچۇ، دافاڭ قاتارلىق تۆت مەھەللىدىكى كەنتتىكى 400 ئائىلىلىك ئادەمنىڭمۇ چىراق مەسىلىسى ھەل بولۇپ، ئامما زور دەرىجىدە ئۇقۇمايدىغان تۇغۇلغان.

بېيجۇاڭ كەنتىدە سۇ ئىچىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. ماجىنچېك ئاخۇنۇم ھەردائىم ئاممىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، 1981 - يىلى، ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ، 3600 ئادەم ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، 28 كۈن ئىچىدە چوڭقۇر جىلغىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى گاۋمياۋ بۇلىقىدىن سۇ باشلاپ كېلىنىپ، شۇ كەنتتىكى ۋە دافاڭ كەنتىدىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. شۇ چاغدا بەزى ياشانغان كىشىلەر سۇ تۇرۇبىسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتكەن. ئۇلار تەسىرلەنگەن ھالدا: "بۇ ھېچقايسى خاندانلىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش - دە!" دېگەن. ھازىر، ھەممە ئائىلىلەر تۇرۇبىدا سۈيى ئىچىدىكەن، ھەر ئايلىق توك، سۇ ئۈچۈن تۆلىنىدىغان 70 — 80 يۈەنچە پۇلنى ماجىنچېك ئاخۇنۇم تۆلەيدىكەن.

1984 - يىلى، يولداش خۇ ياۋباڭنىڭ گەنسۇنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان "ئوت تېرىپ، دەرەخ تىكىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىڭلار" دېگەن چاقىرىقىغا ماجىنچېك ئاخۇنۇم تېخىمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان. ئۇ ئاممىنى يېتەكلەپ، مەسچىتنىڭ ئىچى، سىرتىغا، يول بويلىرىغا، كەنت ئەتراپىغا، زەرەتكارلىققا، داۋەن سېيىغا ئوخشاش قاقاس تاغ، تۆپىلىكلەرگە 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك ۋە سۆگەت كۆچىتى تىككەن ھەمدە ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ كۆتىرىگە ئالغان يېرىنىڭ بىرمو بەش فۇڭ كەلگىدەك يېرىدە كۆچەت يېتىشتۈرگەن. بۇ كۆچەتلەرنى ئەي قىلىش ئۈچۈن، تەجرىبىلىك بىر ئورمانچى بوۋاينى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان. ئۇقۇشىمىزچە، ئۇ كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 90 پىرسەنتچىگە يەتكەن.

www.uyghurkitap.com

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەزى مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. لېكىن ئايرىم مەسچىتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياكى مەسچىت بىلەن مەسچىت ئوتتۇرىسىدا بەزى ماجىرالارمۇ كېلىپ چىققان. ماجىنچېڭ ئاخۇنۇم ئىتتىپاقلىشىش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ھەرقايسىسى ئۆز دىنىي پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ماجىرالار بېسىقىپ، ھەرقايسى تەرەپ رازى بولغىچە كېلىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ گۇاڭخې، خېجېڭ، كاڭلې ناھىيىلىرىگە ۋە ئۆز ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ، ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ 1984-يىلى قىشتا لىنتەن ناھىيىسىدىكى شاگىسى مەسچىتىگە بېرىپ، شۇ مەسچىت بىلەن شىداۋتاك مەسچىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىپ كەلگەن ماجىرانى كېلىشتۈرۈپ، بۇ ئىككى تەرەپنى بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان قىلىپ، لىنتەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ئىشنى تىلغا ئالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ مۇنداق دېدى: "كومپارتىيە بىزنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرغان ئىكەن، بىز ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم، دىنىي ئىشلارنى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى قىلسۇن، باشقىلارنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئايرىپ ئولتۇرمىسۇن."

"سىز شۇنداق ناھەقچىلىققا قېلىپمۇ نېمە ئۈچۈن يەنە ئاشۇنداق كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭىز؟" مەن ماجىنچېڭ ئاخۇنۇمنىڭ ناھەق 20 يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، بۇ مەسىلىنى قارىسىغىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم. ماجىنچېڭ ئاخۇنۇم ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەن. ئۇ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن: "بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىش، مەركەزدىكى چوڭ-چوڭ رەھبەرلەر، ليۇشاۋچى قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەجداتلار شۇنداق بولغان يەردە، مەن نىمىتىم، 20 يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇنداق ياخشى ئىكەن، ئەسلىدە مېنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، مۇشۇ ئالتە-يەتتە يىلدىن بۇيان مەن يەنىلا بەختلىك ياشاۋاتىمەن" دېدى. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماجىنچېڭ ئاخۇنۇم ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: "ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ياخشى سىياسەت چىڭ خاندانلىقى ۋاقتىدىمۇ بولۇپ باقمىغان، تارىختىمۇ بولۇپ باقمىغان، بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن يۇرتداشلىرىمىز ئۈچۈن بىرنەچچە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. مەن مائارىپ، ئىتتىپاقلىق، ئوت تېرىش ۋە كۆچەت تىكىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئۈچ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ ئۈچ ئىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ ئىش" دېدى. بۇ گەپتىن بىز شۇنى چۈشەندۇقكى، بۇ، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ غايەت زور مېۋىسى-دە. پارتىيىنىڭ سىياسىتى دانا بولغاچقا، كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى، شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇش چارە-تەدبىر تېپىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي رايونلار ھەققىي

(داۋامى 57-بەتتە)

# شىڭ شېڭخۇي ئاخۇن ئۆز كەنتىنىڭ مەكتەپ ئىچىشىنى قوللىدى

چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭجۇڭ ناھىيىسى شاڭۋۇجۇاڭ خۇيزۇ يېزىسىكى داسىگۇ كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى شىڭ شېڭخۇي ئاخۇننىڭ ئۆز كەنتىنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى قوللىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشنى ھەممە ئائىلە ۋە ھەممە كىشى بىلىدۇ.

بۇ يىل 64 ياشقا كىرگەن شىڭ شېڭخۇي ئاخۇن داسىگۇ مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. ئۆتكەن يىلى ئۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەرس ئۆستىلى ۋە ئىش ئۆستىلىنىڭ قىس بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقى، بەزىدە بىر نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ بىر ئۈستەلدە ياكى نۆۋەتلىشىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ دەرس تەييارلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: ”مەكتەپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان جاي، ھازىر مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بار ئىكەن، بىز ئۇنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار قىيىنلىپ قېلىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش ئىشلىرىغا تەسىر يەتمىسۇن“ دېدى. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى شىڭ شېڭخۇي ئاخۇننىڭ قىزغىن ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، مەكتەپكە 20 دانە دەرس ئۈستىلى ئېلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئوقۇغۇچى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغان ئىشتىن قۇتۇلدى. بۇ يىل مەسچىت يەنە مەكتەپكە ئۈچ كۇپ مېتىر ياغاچ، 200 يۈەن پۇل بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىككى دانە ئىش ئۈستىلى، ئىككى دانە كارىۋات ياستىپ بەردى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپنىڭ كونىراپ كەتكەن دەرىزىلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى، ئەمدىلىكتە دەرسخانىنىڭ ئىچى ئىسسىپ، ئوقۇغۇچىلار قىشنىڭ سوغىقىدىن قورقمايدىغان بولدى.

شىڭ شېڭخۇي ئاخۇن نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، كەنتتىكى باللارنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىم مۇسۇلمانلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى ۋە پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ تەشۋىق ۋە تەرغىپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئائىلە باشلىقلىرى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇش يېشىغا توشقان 22 بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاممىلار شىڭ شېڭخۇي ئاخۇن مەكتەپكە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىمۇ مەدەت بەردى، ئۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ياخشى ئاخۇن دەپ ماختاشتى. (خەن دېمىڭ)

# ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشىنىڭ يەتتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلەنگەن نۇتۇق

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمان. ماشيەن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قەدىرلىك ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقارا مۇناسىۋەت مىزانىنى ئوچۇق-ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، سىلەرنىڭ مۇقەددەس زېمىنىڭلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىگە يەتتە يىل بولدى. بۇ يەتتە يىل مابەينىدە سىلەر دۈشمەنگە قارشى مىسلىسىز جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شانلىق ئۇرۇش نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردۈڭلار. مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە بارلىق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھىڭلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئاللادىن يېڭى بىر يىل ئىچىدە تېخىمۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارغا مەدەت بېرىشنى تىلەيمەن. "ئەگەر ئاللا سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ."

(«قۇرئان كەرىم» 3-سۈرە، 160-ئايەت)

1986-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى "خەلقارا تېچلىق يىلى" دەپ ئېلان قىلغان يىل، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى تېچلىقنى قوغداش ۋە تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن تۈرلۈك شەكىللەردىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، بۇ دۇنيا خەلقىنىڭ تېچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، تېچلىققا مۇھتاج ۋە تېچلىققا تەشنا ئىكەنلىكىدەك كۈچلۈك تىلەك-ئارزۇسىنى تولۇق ئىپادىلىدى. پۈتۈن جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈمە كۈنى ۋە روزا ھېيت كۈنى دۇنيا تېچلىقى ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلدى. بىز ئاللانىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ھەققانىيەتسىزلىكنى يوقىتىپ، ئىنسانلارغا تېچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىنى تىلىدۇق.

قەدىردان ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار! سىلەر ئۇلۇغ قەھرىمان مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرى، تارىختا سىلەر مىللەتنىڭ ئىززىتى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەم تېچ تۇرمۇشۇڭلارنى قوغداش يولىدا تىللاردا داستان قىلغۇدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردىڭلار، شانلىق ئەنئەنەڭلار ئىرادەڭلارنىڭ ئېگىلمەس ئىكەنلىكىنى، زېمىنىڭلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىڭلار تېچلىقنى قوغداش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەش، شۇنداقلا دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش ئىشىغا قوشقان چوڭ تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تېچلىقىنى قوغداش ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي

مەقسەتلىرىنىڭ بىرى. تېچلىق ئىشى ئاللانىڭ ئىشىدۇر، شۇڭا ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئاللانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ ۋە ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىدۇ.

قەدىردان قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار! سىلەرنىڭ كۈرەشلىرى يېتىم ئەمەس، سىلەر دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە تېچلىقپەرۋەر دۆلەت ھەم خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىڭلار. جۇڭگو ئافغانىستاننىڭ يېقىن خوشنىسى، جۇڭگو خەلقى جۈملىدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك دوستانە بېرىش-كېلىشتە سىلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى شەرتسىز ھەم ئەگەر ئافغانىستان زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئافغانىستان خەلقىنى چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسى بولمىغان شارائىتتا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى ئىلگىردىكىدەكلا قوللايمىز. ئىشىنىمىزكى، كۈرەشلىرىڭلار غەلىبە قازىنىشىغا ئەگىشىپ، ئافغانىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى جەزمەن ئەسلىگە كېلىدۇ.

قەدىردان قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار! سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن كۆپ قېتىم باياناتلار ۋە نۇتۇق ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىنى ئەيىپلىدى ۋە كۈرەشلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىز چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئافغانىستانلىق قېرىنداشلارغا بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئوقۇش جابدۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردۇق، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدۇق.

ئاللادىن ئىرادەڭلارنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، سىلەرنى قەلبداش قىلىپ، قوشۇنۇڭلارنى مۇستەھكەملەپ، دۈشمەنلەرگە ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىنى تىلەيمىز.

رەخمەت! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

(بېشى 54 ـ بەتتە)

جانلاندى.

زىيارىتىمىز ئاياقلىشىپ قالدى، ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم خۇشاللىق بىلەن بىزنى باشلاپ، ئۆز قولى بىلەن قۇرغان مەكتەپنى، يەنە توك تۈگمىنىنى، تۇرۇبا سۈيى ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ، ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم تەقدىرلەنگەنمىدۇ؟ دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە، پەقەت 1984 ـ، 1985 ـ يىلى ئىككى يىلدىلا ما جىنچېڭ ئاخۇنۇم ئۆلكىلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، يېزىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بەش قېتىم مۇكاپاتلىشىغا ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپتۇ. شۇنداق، ئۇ مۇشۇنداق كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغاچقا، پارتىيە ۋە خەلق ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن تىلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

# شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى «شۈيجۇ خۇيزۇ ـ ئىسلام دىنى تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىقتى

لىيۇ جىنتەي، شياۋ جىپۇ

گۈللەنگەن دەۋردە تەزكىرە يېزىپ، ئۆتكەنكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش ئېلىمىزنىڭ بىر ئېسىل ئەنئەنىسى. دەۋرىمىز تازا گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە تەزكىرە يېزىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇش چوقۇم ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. بولۇپمۇ مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى سەپ ۋە ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە تەزكىرە يېزىش ئىشى پائال قانات يايدۇرۇلماقتا.

شۈيجۇ شەھىرىدە خۇيزۇلار ۋە ئىسلام دىنى بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئازادلىقتىن كېيىن، خۇيزۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، كونا جەمئىيەتتە بولسا، ئۇلار ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن. تارىخىي ئۆزگىرىشكە ئائىت بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى خاتىرىلىۋېلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش مۇقەررەر ھالدا كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئىلھام ئېلىپ، روھلىنىپ، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا خۇيزۇ ـ ئىسلام دىنى تەزكىرىسىنى يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇنداق قىلغاندا، ھازىرقى زامانغىمۇ، كېيىنكى زامانغىمۇ پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى شۈيجۇ شەھەرلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شۈيجۇ شەھەرلىك خۇيزۇ ـ ئىسلام دىنى تەزكىرىسى»نى يېزىشقا كىرىشتى. تەزكىرە يېزىش ئىشى رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئاممىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خېلى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

تەزكىرە يېزىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دەرھال مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاتناشقان يىغىن چاقىردى ۋە ئىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا لىيۇ شىجېن ئىمام ۋە خۇڭ بۇشى مۇئاۋىن مۇدىر مەسئۇل بولدى، باش مۇھەررىر تەكلىپ قىلىندى، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ۋە يېزىشقا مەسئۇل بولىدىغان يېزىش گۇرۇپپىسى

قۇرۇلدى، يەنە ئىش بىجىرىش ئاپاراتى تەسىس قىلىندى ھەمدە تەزكىرە يېزىشقا كېتىدىغان خىزمەت ئۈچۈن مەلۇم مەبلەغ توپلاندى.

تەشكىلىي ئىشلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەزكىرە يېزىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىپ مۇنداق تونۇشقا كەلدى: تەزكىرە يېزىش ھەم سىياسىي ۋەزىپە، ھەم تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپە. ئېلىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت تارىخىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، تەزكىرە يازىدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، ئەگەر بۇ ئىش چىڭ تۇتۇلمىسا، كېيىنكى ئەۋلادلار بۈگۈنكى ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، ئۇ ھالدا كېيىنكى ئەۋلادلار قانداقمۇ تارىخنى ئەينەك قىلىپ تىرىشىپ ئىلگىرىلىيەلەسۇن! شۇنىڭ بىلەن يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەردە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، شەرەپ تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، قايناق ھېسسىياتتا بۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

تارىخقا ئائىت ماتېرىيالنىڭ كەمچىل بولۇشى تەزكىرە يېزىش خىزمىتىدە ئۇچرىغان بىر چوڭ قىيىنچىلىق بولدى، بەزى ماتېرىياللار بولسىمۇ شاكىلى بىلەن مېغىزى ئايرىلىشىپ كەتكەن، 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. شۇڭا بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئەسلەش ئۈچۈن، ئاغزاكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كەلدى. ۋاھالەنكى، تارىختىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تولىسى ياشىنىپ قالغاچقا، ئەسلىيەلىگەن ئىشلارمۇ دەل جايىدا بولۇشى ناتايىن ئىدى، شۇڭا كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق بېكىتىلگەن ماتېرىياللارلا بىر قەدەر پۇختا بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ خويزۇلارنى تەزكىرە يېزىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى، تەزكىرە يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەجلىسلەردە سۆزلەش، يولۇققان كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، ماتېرىيال توپلاش يۈزىسىدىن نۇرغۇن خەت يېزىپ تارقاتتى. ئىش قىلىپ ئىلگىرى مەسچىت بىلەن ئالاقىدار بولغان يۇرت ئاقساقاللىرى ياكى مەشھۇر زاتلارغا خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار يەنە تۈرلۈك شەكىللەردىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، يىغىنغا بەزى پېشقەدەملەر ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە ئاتاقلىق يۇرت ئاقساقاللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ماتېرىيال مەنبەسىنى ئاچتى.

"تەزكىرە يېزىش" بىلەن "تارىخ تۈزۈش" بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تەزكىرىدە خاتىرىلەشلا بولىدۇ، مۇھاكىمە بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدا ئۆتكەن كىشى ۋە ئىشلار يېزىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا كۆزقاراشنىڭ سىڭدۈرۈلىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. تەزكىرە يېزىشتىن ئىلگىرى تەزكىرە يېزىش توغرىسىدا توغرا كۆزقاراش تۇرغۇزۇش ناھايىتى مۇھىم. تەزكىرە يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ۋە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەزكىرە يېزىش پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، تەزكىرىنىڭ ماتېرىياللىقلىقى بىلەن ئىلمىيلىكىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللار

## جۇجۇ شەھىرىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

خۇنەن ئۆلكىسى جۇجۇ شەھەرلىك 1-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1986-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا جۇجۇ شەھىرىنىڭ تۆت رايون ۋە بەش ناھىيىسى (شەھەر) دىن كەلگەن 41 نەپەر مۇسۇلمانلار ۋەكىلى قاتناشتى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. كېڭەشش ئارقىلىق دىڭ جېڭگېن مۇدىر، ۋاڭ نەيكۈن بىلەن جاڭ جۇنچى مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، ليۇ يۈشېڭ باش كاتىپ بولغان، 7 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە 13 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى. ليۇ چىڭشياڭ، بەي جىنسەي مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى، دىنىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، كاتىبات تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، تۇرمۇش-كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى ۋە دەپنە ئىشلىرى گۇرۇپپىسى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپاراتى قىلىپ تەسىس قىلىندى.

(ما چاڭمىڭ)

## نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 1986-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە يىنچۈەن شەھىرىدە 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا 113 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى قاتناشتى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسلام دىنى ساھەسىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىنى ماقۇللاپ، پۈتۈن

ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

يىغىن داۋامىدا ھەيئەت ئەزالىرى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇ يىلەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ شىزۇيشەن، يىنچۈەن، پىڭلو، ۋۇجۇڭ، لىنشۇ، گۇيۈەن، شىجى ۋە تۇڭشىن قاتارلىق شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شۇنىڭدەك دىنىي ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. (دىڭ ۋېن)

## شىجياجۇاڭ شەھىرىدە 2-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ شەھىرىدە 1986-يىل 11-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2-مېھمانخانىسىدا شەھەرلىك 2-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئالتە رايون ۋە ئۇلارغا قاراشلىق جېڭدىڭ، لۇەنچېڭ، خولۇ ۋە جىڭشىڭ ناھىيىلىرىدىن كەلگەن 70 نەچچە مۇسۇلمانلار ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىندا 1-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈلدى؛ شا جىڭلىڭ ئاخۇنۇم مۇدىر، ئەن شۇسېن، ليۇ ئېنرۇ مۇئاۋىن مۇدىر ۋە جاۋ يىڭجېي باش كاتىپ بولغان، 15 ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. (ما مىنچۈەن)

## جاۋچىڭ شەھىرىدە 3-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جاۋچىڭ شەھەرلىك 3-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1986-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 51 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر 2-قېتىملىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1983-يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىندى ۋە يەكۈنلەندى. تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ياڭ كەيجى ئاخۇن پەخرى مۇدىر، ليۇ يۇشىڭ مۇدىر بولغان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى دېموكراتىيە ئاساسىدا سايلاندى.

(لى شياۋ)

## لاڭفاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

خېبېي ئۆلكىسى لاڭفاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 1986 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە لاڭفاڭ شەھىرىدىكى نەنشياۋجيې مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مۇدىر بەي گۋاڭتيەن بىلەن مۇئاۋىن مۇدىر ما دېيەنجيې ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتنى يەكۈنلىدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1987 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ھەيئەت ئەزالار ئاۋال پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى؛ شۇنىڭدەك مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسچىتكە تالىپ قوبۇل قىلىش چارىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن داۋامىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ھەيئەت ئەزالارنى يوقلىدى.

(جاڭ يۈگجۈن)

## جىنىڭ شەھىرىدە 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنىڭ شەھەرلىك 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوتتۇرا شەھەر رايونىدا تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا شەھەر بويىچە 11 رايون ۋە ناھىيىنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن 71 كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ۋەكىللەر «جىنىڭ شەھەرلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى ئاڭلىدى، «جىنىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»، «جىنىڭ شەھەرلىك 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى؛ ۋاڭ چىڭجۈن مۇدىر، ما يۈگسەي، ما تۇگشۈن مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ليۇ خۇامىن باش كاتىپ بولغان، 16 نەپەر دائىمىي ھەيئەت، ئەزاسى 37 نەپەرھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

(يۈەن يۈك)

## ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەرەب تىلى ئاساس بىلىم سەۋىيىسىنى سىناشتا مۇكاپاتلاندى

جۇڭگو ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى 1986-يىل 9-ئايدا مەملىكەت بويىچە 1-نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى- لىرىنىڭ ئەرەب تىلى ئاساس بىلىم سەۋىيىسىنى بىر تۇتاش سىناش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى سىناشقا بېيجىڭ داشۆسى، بېيجىڭ چەتئەل تىلى ئىنستىتۇتى ۋە تاشقى ئىقتىساد- سودا داشۆسى قاتارلىق مەملىكەت بويىچە ئەرەب تىلى دەرسى كەسپى بويىچە دەرس ئۆتۈلىدىغان سەككىز مەكتەپنىڭ 1- ۋە 2- يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ 84-يىللىق ئوقۇغۇچى- لىرى 2-يىللىقلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىناشقا قاتناشتى. خېبېي ئۆلكىسىدىن كەلگەن لىۋ جېندې ئوقۇغۇچى 83.6 نومۇر بىلەن 2- يىللىقلار بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ۋاڭ ماۋخۇ 0.05 نومۇر كەم ئېلىپ ئىككىنچىلىكنى ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، جاۋ جىنشىن، دىڭ شاۋجىيې، ياڭ شىڭبېن قاتارلىق ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭمۇ نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئىلھاملاندۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇلار جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا شان- شۆھرەت كەلتۈردى ھەمدە بىر تۇتاش سىناشقا قاتناشقان قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يېقىندا ئىسلام دىنى ئىنس- تىتۇتى ئۇلارنى تەقدىرلىدى، ئۇلارغا مۇكاپات ۋە مۇكاپات پۇلى بەردى.

(شى يۈۋېن)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەملەيخا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەملەيخا مۇپتى (قازاق) 1986-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنى 78 ياشتا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

مۇئاۋىن مۇدىر يەملەيخا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زات، قازاق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئىدى؛ ئۇ 1920-يىلدىن 1930-يىل- غىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى

ئوقۇغان، 1931 ـ يىلدىن كېيىن ئىمام، مۇپتى بولغان؛ 1956 ـ يىلدىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ھەمدە خەلق ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ تۆھپە ياراتتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇئاۋىن مۇدىر يەمليخاننىڭ ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئالتاي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە تېلېگرامما ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى، شۇنىڭدەك ئاللاتائالادىن مەرھۇم يەمليخاغا جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

(يى دىڭ)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ما كۈيىۋەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ما كۈيىۋەن ھاجى 1986 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 85 ياشتا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

ما كۈيىۋەن ئاخۇنۇم ئە[illegible]ى نىڭشيا ئۆلكىسى ۋۇجۇڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، نىڭشيا ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە ئۇستاز ئىزلەپ ئوقۇغان. 1925 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، 1930 ـ يىلى ئاخۇن بولغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە سانجى قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە ئاخۇن بولغان. ئارىلىقتا ئۇ، بىر تەرەپتىن ئاخۇن بولۇپ تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ما لياڭجۈن ئاخۇنۇمنى ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان، شۇڭا ئۇ بىر قەدەر كەڭ بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك بولۇپ، ھازىر ئاخۇن بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار 30 چە كىشىگە يېتىدۇ.

ما كۈيىۋەن ئاخۇن 1957 ـ يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغان، شۇڭا ئۇنى مۇسۇلمانلار 5 پەرزنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى دېيىشكەن.

ما كۈيىۋەن ئاخۇنۇم ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە بىلىم جەھەتلەردە ياخشى، ئۇ ئۆزىنى ئۆمۈر بويى پاك تۇتۇپ كەلدى، ئۇ ئىزچىل تۈردە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماختىشىغا ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى — جۈمە كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

(خەن جۈن)



www.uyghurkitap.com



يۈننەن ئۆلكسى ۋېيشەن ناھييسى
شيا ۋېيگن مەسچدى.
(ما يۈنفۇ فوتوسى)



لنشيادكى گاشى مەسچدى.
(يۈ كەيفېڭ فوتوسى)



جىلن ئۆلكسى جياۋخې ناھييسدكى
مەسچت.
(چېن يۈڭشياڭ فوتوسى)

www.uyghurkitap.com

بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىكىنى خوجائابدۇللا ئوسمان، نوسمان موللەك، ماشگىرىن، نۇربىيە ئەزىز، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى.


中国穆斯林（维吾尔文版）1987年 第2期（总27期）　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1987 ـ يىل 2 ـ سان

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا)

刷印：民族印刷厂

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى

制版：北京市制版厂

订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا)

北京市期刊登记证第837号　　• 公开发行 •　　每册定价：0.40元